(ئىچكى ماتېرىيال، دىققەت بىلەن ساقلانسۇن)

# شىنجاڭ مىللەت-دىن خىزمىتى

## 新疆民族宗教工作

3

1997

(ئومۇمىي 21 - سان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى
تەشۋىقات - مائارىپ باشقارمىسى تۈزدى

1997 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

شىنجاڭ
# مىللەت - دىن خىزمىتى

(ئىچكى ماتېرىيال،
دىققەت بىلەن ساقلانسۇن)

1997 - يىل 3 - سان

(ئومۇمىي 21 - سان)

ش ئۇ ئا ر مىللەت - دىن ئىشلىرى
كومىتېتى تەتقىقات - مائارىپ
باشقارمىسى تۈزدى

1997 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

## مۇندەرىجە

ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلغاندا قىلىنغان سۆز ............................................ ۋاڭ لېچۈەن (1)

ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلغاندا قىلىنغان سۆز ............................................ ئابلەت ئابدۇرشىت (2)

ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا قىلىنغان سۆز ................................ جۇشىگىتاۋ (4)

ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا قىلىنغان سۆز ................................ يۈسۈپ ئەيسا (19)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا قىلىنغان سۆز ......... مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ (26)

ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا قىلىنغان سۆز ................................ ليۇيەنچىڭ (34)

ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا قىلىنغان سۆز ................................ راخمان مەسۇم (41)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ خىزمەت دوكلادى ............ ئىمام ھەسەن (52)

# ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلغاندا قىلىنغان سۆز

ۋاڭ لېچۈەن

(1997 - يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى)

(خاتىرىگە ئاساسەن رەتلەندى، ئۆزى تېخى قاراپ چىقمىدى)

ۋەكىللەر، دوستلار:

مەن ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەيمەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر قايسىڭلارنىڭ ئۆز جايلىرىڭلاردا شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرىگە ئىنتايىن رەھمەت ئېيتىمەن!

ھەر قايسىڭلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دىنى ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئاتاقلىق خادىملار ھەم كۆپ يىللاردىن بۇيان سىناقتىن ئۆتكەن، ۋەتەننى ۋە دىننى سۆيىدىغان دىنى زاتلار، سىلەر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلدىڭلار، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چوڭقۇر ئىشەنچىسىگە ئېرىشتىڭلار.

نۆۋەتتە، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەت ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا تۇرۇۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، غەرپتىكى ئەكسىيەتچىل كۈچلەر مىللى بۆلگۈنچىلەرنى قوللاپ ۋە ئۇلارنى كونترول قىلىۋېلىپ، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، نۆۋەتتىكى مىللى بۆلگۈنچىلەر ۋە ئۇچىغا چىققان دىنى كۈچلەر جانلىنىش مەزگىلىدە تۇرىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، مىللى بۆلگۈنچىلىك قىلىش بىلەن مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بىر قەدەر كەسكىنلىشىپ كەتتى. سىلەر كۈرەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇۋاتىسىلەر، بۇ بىر نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، سىلەر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى يېتەكلەپ، مىللى بۆلگۈنچىلىك ۋە ئۇچىغا چىققان دىنى كۈچلەر بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدۇڭلار. بارلىق ۋەتەنپەرۋەر دىنى زاتلار ۋەتەننى سۆيۈش تۇغى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى تۇغىنى ئېگىز كۆتىرىپ، مىللى بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىكى ئاساسى ئوبيېكتى بولۇپ قالدىڭلار. بەزى ۋەتەنپەرۋەر دىنى زاتلار بۇ بىر مەيدان كۆرەش جەريانىدا قىممەتلىك ھاياتىدىن ئايرىلدى.

# ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلغاندا قىلىنغان سۆز

**ئابلەت ئابدۇرىشىت**

(1997 - يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى)

(خاتىرىگە ئاساسەن رەتلەندى، ئۆزى كۆرۈپ چىقمىدى)

**دائىمىي ھەيئەتلەر، دوستلار، يولداشلار:**

بۇ قېتىمقى ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا ئاساسلىقى ئىلگىرىكى خىزمەت نەتىجىلىرى يەكۈنلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىن مۇقىملىقنى قانداق قىلىپ قوغداش، قانداق قىلىپ دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە نورمال ئېلىپ بېرىش مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى، جەمئىيەت مۇقىم بولماقتا، ئىقتىساد تەرەققى قىلماقتا، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ناھايىتى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتى قانۇن بويىچە قوغدالماقتا. 40 نەچچە يىللىق تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىمىزنىڭ دىنىي سىياسىتى توغرا بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ سىياسەتلەر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. كۆپچىلىككە مەلۇم، ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە نورمال دىنىي پائالىيىتىنى ئەزەلدىن قوغداپ كەلدۇق. ئۈچىنچى چىققان

---

مەسىلەن، بىزنىڭ ھارونخان ھاجىم بۇ كۈرەش جەريانىدا ئېغىر يارىلاندى. سىلەر دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن تۆھپە قوشتۇڭلار، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىمىز سىلەرنى ئۇنۇتمايدۇ، كەڭ خەلق ئاممىسىمۇ ئۇنۇتمايدۇ! سىلەرنىڭ غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، ئۆز ئورنۇڭلاردا تېخىمۇ چىڭ تۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى يېتەكلەپ، بىر تەرەپتىن دىنىي ئەقىدىلەرگە رىئايە قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەتەننى سۆيۈشتە، ئىتتىپاقلىشىشتا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتىنىنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى، مەڭگۈ سىلەرنىڭ ئارقا تېرىكىڭلار!

دىنى كۈچلەر قانۇنسىز دىنى ھەرىكەتلەر بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلىماقچى بولدى ۋە نورمال دىنى پائالىيەتلەرگىمۇ توسقۇنلۇق قىلدى. سىلەر پارتىيىمىزنىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى تۇرلۇك سىياسەت، قائىدە - نىزاملىرىغا رىئايە قىلىپ، قانۇنسىز دىنى ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇزاق مۇددەت كۈرەش ئېلىپ باردىڭلار. سىلەر ئاساسي قاتلاملاردا، ئۆز ئورنۇڭلاردا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائى ۋە سىياسى مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتۇڭلار، بەزى ۋەتەنپەرۋەر دىنى زاتلىرىمىز مىللى بۆلگۈنچىلىك ۋە ئۇچىغا چىققان دىنى كۈچلەر بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا يارىلاندى ۋە ھاياتىدىن ئايرىلدى. بۇ ئۇلارنىڭ دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن قوشقان زور تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن، سىلەرگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن! ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ گۈللىنىشى ۋە مۇقىم بولۇشى، كۆپچىلىكنىڭ پائال تىرىشچانلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت سىلەرنىڭ ئارقا تېرىكىڭلار، سىلەرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائى مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادى تەرەققىياتى ئۈچۈن داۋاملىق تۆھپە قوشۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

دۆلىتىمىزنىڭ دىنى سىياسىتىدە، پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى قانۇن بويىچە قوغدىلىدۇ، نورمال دىنى پائالىيەتلەر ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنى زاتلار قوغدىلىنىدۇ دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. بىز قانۇنسىز دىنى ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرىمىز، دىنى پائالىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرىمىز. ئاپتونوم رايونىمىز قانۇنلۇق دىنى پائالىيەت بىلەن قانۇنسىز دىنى ھەرىكەتنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق بېكىتتى، كۆپچىلىك بۇنىڭغا ئاساسەن نېمىنىڭ نورمال دىنى پائالىيەت، نېمىنىڭ قانۇنسىز دىنى ھەرىكەت بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ئايرىۋېلىشى لازىم. بۇ قېتىمقى يىغىندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىق خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى قانداق ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى رەھبىرى يولداشلارنىڭ سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، دىنى پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، نورمال دىنى پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇش مەسىلىسىنى ئۆز ئورنىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۇرۇپ ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشىمىز ۋە ياخشى ھەل قىلىشىمىز لازىم. كۆپچىلىكنىڭ پارتىيىمىزنىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىگە قەتئي ئىشىنىشىنى، پارتىيىنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى قىلچە تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىشىنى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دىن ئىشلىرىنى قانۇنچىلىق يولىنى بويلاپ ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

كۆپچىلىككە رەھمەت.

# ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

جۇشېڭتاۋ

(1997 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى)

دوستلار، يولداشلار:

ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق ھازىر رەسمىي ئېچىلدى. مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋەكالىتەن بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ يىغىنغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئالايىتەن كەلگەن رەھبەرلىرىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن! بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان دوستلار، يولداشلاردىن ھەمدە سىلەر ئارقىلىق پۈتۈن ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلاردىن سەممىمىي ھال سورايمەن!

ئىسلام دىنى جەمئىيىتى دائىمىي ھەيئەتلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنى ئاپتونوم رايوندىكى نۇقتىلىق رايونلادا جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش، تۈزەش، زورلاۋانلىق، تېررورلۇق پەيتتە ئېچىلدى. بۇ يىغىننى ياخشى ئېچىش ئىنتايىن مۇھىم. مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. بىز بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق، ۋەزىيەتنى، دىنىي ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ ئېنىق تونۇپ، بۇ قېتىمقى مەخسۇس كۈرەشتە ئاكتىپ رول ئويناپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە، ئۇچىغا چىققان دىنىي كۈچلەرگە قارشى تۇرۇپ، ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىقنى قوغداش يولىدا تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك. تۆۋەندە مەن بىر قانچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن:

1. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ھۆرمەتلەش ۋە قوغداش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىنىي مەسىلىگە مۇئامىلە قىلىشتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك تۈپ سىياستى. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا مۇنداق دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن: دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى پۇقرالارنىڭ تۈپ دېموكراتىيە ھوقۇقى. ھەرقانداق دۆلەت ئورگىنى، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ پۇقرالارنى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا زورلىشىغا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىمۇ ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارنىمۇ كەمسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ. دۆلىتىمىزدە مەيلى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرا بولسۇن ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرا بولسۇن ھەممىسى سىياسىي

جەھەتتە باب - باراۋەر، ئۇلار ئاساسىي قانۇندا بېرىلگەن باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، باراۋەر مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى دېگەنلىك - ھەربىر پۇقرادا دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ؛ بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، ئۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ؛ بىر دىن ئىچىدە، بۇ مەزھەپكە ئېتىقارد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، ئۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ؛ بۇرۇن دىنغا ئېتىقاد قىلمىغانلارنىڭ ھازىر دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ؛ بۇرۇن دىنغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھازىر دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى دۆلەتنىڭ توپ چوڭ قانۇنى بولغان ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلگەن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىنىي مەسىلىگە مۇئامىلە قىلىشتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك توپ سىياستى، ئۇ ئۆزگەرمەيدۇ. دۆلەت نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغدايدۇ، دىنىي پائالىيەتلەر ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە دۆلەت سىياستى دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلىشى شەرت. دېمەك، ئىنتىزامغا بويسۇنۇش، قانۇنغا رىئايە قىلىش دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇشى كېرەك. پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقى قانۇن بويىچە قوغدىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە قانۇن چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇنداق چەكلىمە ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى جەھەتتىكى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: پۇقرالار ھوقۇقى بولسا، ئۇ پۇقرالار مەجبۇرىيىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ؛ قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق بولسا، ئۇنىڭدىن قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرىدىلا بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ. پۇقرالار بۇنداق ھوقۇقنى يۈرگۈزگەندە، دۆلەت، جەمئىيەت، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە باشقا پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكى كېرەك. شۇڭا، بىز كىشىلەرنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىشىلەرنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنىمۇ تەكىتلىشىمىز كېرەك. بۇ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياستىنىڭ ئايرىلماس ئىككى تەرىپى. دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا زورلايدىغان ھەر قانداق قىلىق، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا زورلىغانغا ئوخشاش، باشقىلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە دەخلى - تەرۇز قىلغانلىق بولىدۇ، شۇڭا، ئۇنىڭغا يول قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

ئۇزاقتىن بۇيان، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياستىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىزچىللىشىش - ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى، ئومۇمەن ئالغاندا، ياخشى بولۇپ كەلدى. بىرىنچىدىن، دىنىي كەسپىي خادىملارنىڭ دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، دىنىي ۋەزىپىنى ئادا قىلىپ نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ھوقۇقى كاپالەتلەندۈرۈلدى؛ ئىككىنچىدىن، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي تۇرمۇش ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى؛ ئۈچىنچىدىن، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي پائالىيەتنى نورمال قانات يايدۇرۇشى كاپالەتلەندۈرۈلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنىڭ ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ سەمىمىي ھىمايىسىگە ئېرىشتى. شۇنداق دېيىش كېرەككى، پارتىيە دىنىي سىياستىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدا دىنىي باشقۇرۇش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ساغلام ئېلىپ بېرىلدى. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئامما ۋە دىنىي زاتلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ياخشى، ئۇلار ئىنتىزامغا بويسۇنىدۇ، قانۇنغا

رىئايە قىلىدۇ، ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، بەزى جايلاردا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا بەزى يېتەرسىزلىكلەر ساقلاندى، بولۇپمۇ دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىنى قوغداش توغرىسىدىكى تەشۋىق - تەربىيە يېتەرلىك بولمىدى، يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلامدا دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولدى، لېكىن دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكى كاپالەتكە ئىگە بولالمىدى، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا زورلاش ئەھۋالى كۈچلۈك توسۇلمىدى. بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش شەرت.

بىز دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ھۆرمەتلەش ۋە قوغداش دېگەندە، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنىڭ دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرى دائىرىسى ئىچىدىكى، ئىنتىزامغا بويسۇنۇش، قانۇنغا رىئايە قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدىكى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ھۆرمەتلەش ۋە قوغداشنى كۆزدە تۇتىمىز. بىز دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىنى، شۈبھىسىزكى، تولۇق ھۆرمەتلەيمىز، قوغدايمىز ۋە قوللايمىز، كومپارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنى قەتئىي ھىمايە قىلىدىغان، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى يېتەكلەپ، نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان دىنىي زاتلارنىمۇ، شۈبھىسىزكى، قەتئىي قوغدايمىز ۋە قوللايمىز. لېكىن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھەرگىز دىنىي ئەركىنلىك ئەمەس. قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە، دىندىن پايدىلىنىپ كومپارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرىدىغان، ۋەتەننى پارچىلايدىغان ھەرىكەتلەرگە قىلچە ئەركىنلىك بەرمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى قانۇن ئالدىدا ئېيىپلەپ جازالىشىمىز شەرت. دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىپ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىشىمىز كېرەك، ئۇلارغا زەربە بەرگەنلىك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغدىغانلىق.

2. دىنىي ساھەدىكىلەر مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش، تۈزەش خىزمىتىنى بايرىقى روشەن ھالدا قوللىشى لازىم.

دىندىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك قىلىش، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر دىننى نىقاب قىلىپ سىياسىي جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشنى روشەن كۈچەيتىپ، دىندىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. ئۇلار ھەج قىلغۇچىلارغا ھەرخىل شەكىللەر ئارقىلىق بۆلگۈنچىلىكنى قۇترىتىدىغان تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى تارقاتتى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى سىڭدۈردى. ئۇلار ھەدەپ يەر ئاستى دىنىي مەكتەپ ئېچىپ، ئىدىيىسى ئەكسىيەتچىل تالىپلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، دىنىي ئەسەبىيلىكنى كۈچەپ قۇترىتىپ، «غازات»نى تەرغىپ قىلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى پىلانلىدى. ئۇلار دىنىي ئەركىنلىكنى تەرغىپ قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشىغا قارشى چىقتى. ئۇلار سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشنى تەرغىپ قىلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئۇلار ئاممىنىڭ ساددا دىنىي ھېسسىياتى ۋە مىللىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، بىلىمى كەمچىل، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان بىر قىسىم ئاممىنى

قوزغىتىپ، قايمۇقتۇرۇپ، تىغ ئۇچى بىۋاسىتە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە قارىتىلغان بىر قاتار قانۇنسىز نامايىش قىلىش، كوچ كۆرسىتىش ۋەقەلىرىنى ۋە ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك ئېغىر پاراكەندىچىلىك ۋەقەلىرىنى تۇغدۇردى. شۇڭا، مەركىزى كومىتېت مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ئاساسىي خەۋپ، دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ ھۆكۈم شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن، ئىنتايىن توغرا.

بۇلتۇردىن بۇيان، ئاپتونوم رايون مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتتى، ئومۇمىي ۋەزىيەت ياخشى. لېكىن، خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈش ۋە دۆلەت ئىچىدىكى مۇرەككەپ ئامىللار تۈپەيلىدىن، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر يەنىلا ناھايىتى گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىر قىسىم جايلارنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىدا نورمالسىز ئەھۋال كۆرۈلدى. بولۇپمۇ بۇ يىل يۈز بەرگەن ئىلى 5 - فېۋرال ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك پاراكەندىچىلىك ۋەقەسى ۋە ئۈرۈمچى 25 - فېۋرال ئاپتوبۇس پارتلىتىش دېلوسى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى، نورمال جەمئىيەت تەرتىپى ۋە كەڭ ئاممىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكى بىخەتەرلىكىگە قاتتىق تەسىر يەتكۈزدى، شىنجاڭنىڭ مۇقىم بولۇش، تەرەققىي قىلىشتەك چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە توسقۇنلۇق، بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا يامان تەسىر پەيدا قىلدى. تۈرلۈك ئەھۋاللار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، نۆۋەتتە بىر ئۇچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە ئۇچىغا چىققان دىنىي كۈچلەر ھېلىمۇ چەت ئەللەردىكى دىنىي كۈچلەر بىلەن جىددىي تىل بىرىكتۈرۈپ، يېڭى، تېخىمۇ زور بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى پەيدا قىلىشنى پىلانلاۋاتىدۇ، ئەگەر بىز ئۇلارغا قەتئىي كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ زەربە بەرمەيدىغان بولساق، ئۇ ھالدا شىنجاڭنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا ئېغىر خەۋپ يېتىپلا قالماستىن، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىغىمۇ تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا، مەركەزنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ يىل 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ يىل ئاخىرىغىچە نۇقتىلىق رايونلاردا ئامانلىقنى مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش، تۈزەش ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرۈشىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى.

مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش، تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتىن مەقسەت مەركىزىي كومىتېتنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتى توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى داۋاملىق چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى، خەلق مەنپەئىتىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن نۇخلىسىنى قەتئىي ئېلىپ تاشلاپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتچىلىرىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى كۈچلۈك چەكلەپ، بىر قىسىم جايلارنىڭ ئامانلىقىدىكى نورمالسىز ئەھۋالنى ھەقىقىي تۈردە ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭنىڭ ئۇزاققىچە ئامان - ئېسەن بولۇشى ۋە تېز تەرەققىي قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن

تېخىمۇ پۇختا ئاساس سېلىشتىن ئىبارەت.

بۇ قېتىمقى مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش، تۈزەش خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىگە دائىر تەشۋىق - تەربىيىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ جىنايىتى ۋە ماھىيىتىنى تولۇق ئېچىپ تاشلاپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى كەڭ كۆلەمدە ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئاڭلىق قوغداش؛ قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچى تايانچ ئۇنسۇرلىرى، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن ئۇنسۇرلار ۋە ئۇچىغا چىققان دىنىي كۈچلەرنىڭ باش ئۇنسۇرلىرىغا نۇقتىلىق زەربە بېرىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەرنىڭ نوخلىسىنى قەتئىي ئېلىپ تاشلاش؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ [1997] 18 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يەر ئاستى دىنىي مەكتەپ ۋە ئۇنىڭدىكى تالىپلار بويىچە مەخسۇس تۈزەش ئېلىپ بېرىپ، يەر ئاستى دىنىي مەكتەپلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، يەر ئاستى تالىپلارنى ئېنىقلاش، تىزىملاش ۋە باشقۇرۇش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش؛ ئامانلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىدىكى قىيىن، قالايمىقان نۇقتىلارنى تەرتىپكە سېلىش؛ يېزا، كەنت ئاساسىي قاتلام تەشكىلات قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەخسۇس تۈزەش كۈرىشىنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت.

ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكى ۋە مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش، تۈزەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللىشى، خىزمەت ئەترەتلىرى ۋە سىياسىي - قانۇن سېپىدىكى كەڭ كادىر، ساقچىلارنىڭ تىرىشىپ ئىشلىشى ئارقىسىدا، تەشۋىقات، تەربىيە خىزمىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى، كەڭ ئامما دەسلەپكى قەدەمدە ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلدى، تەكشۈرۈش، تەكتىنى ئېنىقلاپ رەتكە تۇرغۇزۇش خىزمىتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر چەكلەندى، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىش كۈرىشىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر قاتتىق دەككىسىنى يېدى؛ بىر قىسىم جايلارنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىدىكى نورمالسىز ئەھۋالدا ياخشىلىنىش بولدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش، تۈزەش خىزمىتىدە ۋەزىيەت يارىتىلدى، روشەن ئۈنۈمگە ئېرىشىلدى، نۆۋەتتە بۇ خىزمەت مەركىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈلۈۋاتىدۇ، ئۇنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى ياخشى بولۇۋاتىدۇ.

تەكىتلەشكە تېگىشلىكى شۇكى، مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش، تۈزەش داۋامىدا، بىز دىنىي خىزمەتكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدۇق، زور كۈچ سەرپ قىلدۇق. بىزنىڭ قارشى تۇرىدىغىنىمىز ۋە زەربە بېرىدىغىنىمىز دىنىي تونىغا ئورىنىۋېلىپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك سالغان مىللىي بۆلگۈنچى تايانچ ئۇنسۇرلىرى، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن ئۇنسۇرلار، ئۇچىغا

چىققان دىنىي كۆچلەرنىڭ باش ئۇنسۇرلىرى. بىز ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتىنى ھۆرمەتلەيمىز ۋە قوغدايمىز، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا ئىشىنىمىز، ئۇلارنى قوللايمىز ۋە قوغدايمىز. بىز يەر ئاستى تالىپلارنىڭ زور كۆپ قىسمى، جۈملىدىن دۈشمەنلەرنىڭ قۇترىتىشى بىلەن بەزى خاتا ئىشلارنى قىلىپ قويغانلارمۇ ياخشى، پەقەت ئۇلارمىللىي بۆلگۈنچى تايانچ ئۇنسۇرلىرى، زوراۋانلىق، تېرروررلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن ئۇنسۇرلار ۋە ئۇچىغا چىققان دىنىي كۆچلەرنىڭ باش ئۇنسۇرلىرى بولمىسىلا، مەۋقەنى ئۇلارنى تەربىيىلەش، قۇتقۇزۇۋېلىشقا قويۇپ، ئۇلارغا چىقىش يولى بېرىشىمىز كېرەك، دەپ باشتىن - ئاخىر تەكىتلەپ كەلدۇق.

قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ چېكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بەنگۈختىكى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈختىگىنىڭ «ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ «قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتنىڭ چېكىنى بېكىتىش توغرىسىدىكى پىكىر» نىڭ بېسىپ تارقىتىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» (ش پ ب [1997]1 - نومۇرلۇق ھۆججەت) دا ئېنىق بېكىتىلدى. ئومۇمەن دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى، قانۇن - نىزاملىرى، سىياسەتلىرى، شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايوننىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا دائىر قائىدە - نىزاملىرىغا خىلاپ دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتكە كىرىدۇ. قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتنى قەتئىي چەكلەش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش كېرەك. ئۇنى ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا قاراپ ئايرىم - ئايرىم بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ئارىسىدا قانۇن - تۈزۈم قارىشى سۇس بولۇش ياكى ئالاقىدار قانۇن - نىزام، سىياسەتلەرنى پىششىق بىلمەسلىك، چۈشەنمەسلىك تۈپەيلىدىن كۆرۈلگەن، سىياسىي مەقسىتى بولمىغان قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى تەربىيە، تەنقىد بېرىش، يېتەكلەش چارىسى ۋە مەمۇرىي، قانۇنىي ۋاستىلەرنى قوللىنىپ چەكلەش ۋە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. دىنىي تونىنى نىقاب قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئومۇم خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ۋە ئەمگەكچى ئاممىنىڭ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى مال - مۈلۈككە دەخلى - تەرۇز قىلىش، پۇقرالارنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارلىقىدىكى قانۇنىي مال - مۈلكىگە، پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، دېموكراتىيە ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش، ئىجتىمائىي تەرتىپ، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى، ئوقۇتۇش تەرتىپى، پەن تەتقىقاتى تەرتىپى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش تەرتىپىگە دەخلى يەتكۈزۈشتەك ھەر قانداق ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىش قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ. دىنىي تونىنى نىقاب قىلىپ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرلىقىدىكى ھاكىمىيەتنى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇۋېتىشنى مەقسەت قىلغان، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا، زېمىن پۈتۈنلىكىگە ۋە بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەر قانداق قىلمىش دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان جىنايى ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ. مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە ئۇچىغا چىققان دىنىي كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارغان بارلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك.

مىللىي بۆلگۈنچىلەر دىندىن پايدىلىنىپ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى، ئىلىدىكى «5 - فېۋرال» ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسى ئۇنىڭ دەلىل ئىسپاتى. ئۇلار «5 - فېۋرال» ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىدىن ئىلگىرى ئېلىپ بارغان «تەبلىغات» ھەرىكىتى دەل ئۇلارنىڭ دىنىي بايراقنى

كۆتۈرۈۋېلىپ، ھەدەپ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاممىنى ئالداپ، قايمۇقتۇرۇپ ۋە قۇترىتىپ، تىغ ئۇچىنى بىۋاسىتە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە قاراتقانلىقىنىڭ تىپىك مىسالى. ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنى بۇرمىلاپ، ئاممىنى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارشى تۇرۇشقا قۇتراتتى؛ ئۇلار «غازات» قىلىشنى تەرغىپ قىلىپ، خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇندى؛ ئۇلار مىللىي، دىنىي ئۆچمەنلىكنى قۇترىتىپ، «خەنزۇلارنى قوغلىۋېتەيلى» ، «كاپىرلارنى ئۆلتۈرەيلى» دەپ جار سالدى؛ ئۇلار ئاتالمىش پاك ئىسلام دىنىنى تەرغىپ قىلدى، قايتىدىن ئىمان ئېيتىشنى تەرغىپ قىلدى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ھاقارەتلىدى ۋە ئۇلارغا زەربە بەردى؛ ئۇلار ئومۇمەن ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى «هارام» دېگەننى تەرغىپ قىلىپ، خەلق ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇردى، دۆلەتنىڭ قانۇن، ئەمىر - پەرمانلىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ نەرسىلەرنى تەرغىپ قىلىشتىكى مەقسىتى، ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇلار «مۇسۇلمانلار ئاللاغىلا ئېتىقاد قىلسا بولىدۇكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق نەرسىگە ئېتىقاد قىلسا بولمايدۇ» ، «بىز ئاللاغىلا ئىشىنىمىز، كوممۇنىستىك پارتىيە ئاللاغا قارشى تۇرىدۇ، شۇڭا بىز كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرىمىز» دېگەن گەپلەرنى تارقاتتى. مانا بۇلار ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىي مەقسىتىنى ئىنتايىن ئېنىق ئاشكارىلاپ بەردى، ئۇلارنىڭ ئاللاغا ئېتىقاد قىلىش نامى بىلەن ئاممىنى قۇترىتىپ كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرۇش ماھىيىتىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇلار «دىنىي ئۇسۇل ئارقىلىق ئاممىنى ئويغىتىپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالىمىز» ، «غازات» قىلىپ، ئاللارنىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىسلام ھاكىمىيىتىنى قۇرىمىز، دەپ داۋراڭ سالدى، بۇ ئەمەلىيەتتە ئاممىنى خەلق ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇشقا قۇترىتىپ، ئۆزىنىڭ زوراۋانلىق، تېرروررلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا نەزەرىيە جەھەتتىن ئاساس تاپماقچى بولغانلىق. ئۇلار ھەممىلا يەردە خەنزۇلارغا قارشى تۇرىدىغان، خەنزۇلارنى چەتكە قاقىدىغان سۆزلەرنى تارقاتتى، ھەتتا ئۇلار ئوچۇقتىن - ئوچۇق: «قۇرئاندا ئاۋۋال يېنىڭدىكى كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلا، ئاندىن كېيىن يىراقتىكى كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلا» دېيىلگەن. ھازىر بىز يېنىمىزدىكى خەنزۇلارنىمۇ ئۆلتۈرۈپ تاشلىيالمىدۇق. ئۇنداقتا قانداق قىلىپ باشقا كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىيالايمىز، دەپ جار سالدى. مۇشۇنداق ئوچۇقتىن - ئوچۇق مىللىي، دىنىي ئۆچمەنلىكنى قۇترىتىش قىلمىشى ئۇلارنىڭ سىياسىي مەقسىتى ئۈچۈن بىۋاسىتە خىزمەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتالمىش پاك ئىسلام دىنىنى تەرغىپ قىلىشىغا، قايتىدىن ئىمان ئېيتىشنى تەرغىپ قىلىشىغا كەلسەك، بۇ پەقەت ئۆزىنى پەردازلاپ، ئاممىنى ئاخماق قىلىش ۋە قايمۇقتۇرۇش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ھاقارەتلەش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىش، ئاما بىلەن ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دىنىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈۋېلىش مەقسىتىگە يېتىشكە ئۇرۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇلار يەنە ھۆكۈمەتكە باج تاپشۇرۇش «هارام» ، ھۆكۈمەت ئېتىراپ قىلغان ئىماملارغا ئەگىشىپ ناماز ئوقۇش «هارام» ، ھۆكۈمەت تارقاتقان نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسىنى ئېلىش «هارام» دېگەن گەپلەرنى تارقاتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، سودىگەرلىك قىلىش، ئاياللار خىزمەتكە قاتنىشىش، تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش، ھەتتا سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى

ئېلىش، خىزمەت كېنىشكىسى ئېلىش، توي خېتى ئېلىش، پىراۋا ئېلىش، تىجارەت كېنىشكىسى ئېلىش، غەزىنە چېكى سېتىۋېلىش، خەلق پۇلىنى ئىشلىتىش قاتارلىقلارمۇ «هارام» ئىكەن، ئۇلارنىڭ بۇ بىر قاتار «هارام» دېگەن گەپلەرنى تارقىتىشىدىكى يادرولۇق مەسىلە ئاممىنى هۆكۈمەتكە، هۆكۈمەتنىڭ قانۇن، ئەمىر - پەرمانلىرىغا، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا قارشى تۇرۇشقا قۇترىتىشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ تەشۋىق قىلغىنى هەرگىز قانداقتۇر دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بولماستىن، بەلكى دىندىن پايدىلىنىپ سىياسىيغا، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغا، نورمال ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئارىلىشىش، پاكىت شۇنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدىكى، ئۇلار تىغ ئۇچىنى كوممۇنىستىك پارتىيىگە ۋە خەلق هۆكۈمىتىگە قارىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان خەلق ئاممىسىغا قاراتتى. ئۇلار هاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن دىنىي هوقۇقنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى، شۇڭا ئۇلار بىزنىڭ ئورتاق دۈشمىنىمىز.

دۆلىتىمىز كوممۇنىستىك پارتىيە رەهبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە هۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش بىزنىڭ دىنغا مۇئامىلە قىلىشتىكى پوزىتسىيىمىز. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز قانداقتۇر «سىياسىي بىلەن دىننى بىرلەشتۈرۈش» بىلەن شۇغۇللىنىشقا هەرگىز يول قويمايمىز، دىننىڭ مەمۇرىي ئىشلارغا، ئەدلىيە ئىشلىرىغا، مەكتەپ مائارىپىغا ۋە ئىجتىمائىي جامائەت مائارىپىغا ئارىلىشىشىغا هەرگىز يول قويمايمىز، ئاللىقاچان بىكار قىلىنغان فېئوداللىق دىنىي ئىمتىيازنى ۋە دىنىي ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە هەرگىز يول قويمايمىز، دىندىن پايدىلىنىپ كوممۇنىستىك پارتىيە رەهبەرلىكىگە ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە قارشى تۇرۇشقا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە ۋە دۆلەت ئىچىدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا هەرگىز يول قويمايمىز. تارىختىن قارىغاندا سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن بۇيان، شەخسلەر مەلۇم بىر دۆلەتكە بېقىنىپ كەلدى، سىنىپ ۋە دۆلەت بولغانىكەن، دۆلەتنىڭ قانۇنى ۋە قورالى بولىدۇ، جۈملىدىن ئەدلىيە ئاپپاراتى ۋە تۈرمىسى بولىدۇ، بۇلار دۆلەت هاكىمىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، مەيلى قانداق خاراكتېردىكى دۆلەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز دۆلىتىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ هاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇشىغا يول قويمايدۇ. دىنىي زاتلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلار ئالدى بىلەن ۋەتەننى سۆيۈشى كېرەك، ۋەتەننى سۆيمىسە، دىنىي زات بولۇش سالاهىيىتى بولمايدۇ، ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن دىننى سۆيۈش بىردەك.

ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار پارتىيە ۋە هۆكۈمەت ئىشىنىدىغان ۋە تايىنىدىغان كۈچ، ئۇلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا مۇهىم رول ئوينىدى. مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە ئۇچىغا چىققان دىنىي كۈچلەر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ئۆزىنىڭ جىنايى مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى غايەت زور توسالغۇ، دەپ قاراپ كەلدى. ئومۇمەن ئۇلار ئۆزىنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق هەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى توسقانلارنى، مەيلى قايسى مىللەتتىن بولسۇن، مەيلى قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولسۇن، ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتىرىۋېتىپ خۇشال بولماقچى بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى هارۇنخان هاجى دىنىي ساهەدە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولغان، ۋەتەننى سۆيىدىغان، دىننى سۆيىدىغان دىنىي زات. ئۇ كۆپ يىلدىن بۇيان، دىنىي ساهەگە ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىغا ۋەكىللىك قىلىپ،

ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا قاتنىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن، ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، مۇشۇنداق بىر ئادەممۇ ئۇلارنىڭ ۋەھشىلەرچە يوشۇرۇن قەستىگە ئۇچرىدى. توقسۇ ناھىيىسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات ھاكىم سىدىقمۇ ئۇلارنىڭ ياۋۇزلارچە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى. شۇنىسى ناھايىتى روشەنكى، بىز بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ھەرگىز دىنىي مەسىلە ئەمەس، شۇنداقلا مىللىي مەسىلىمۇ ئەمەس، بەلكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان جىددىي سىياسىي كۈرەش. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ پرىنسىپال مەسىلىدە، كەڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار مېڭىنى چوقۇم سەگەك تۇتۇشى، ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇشى، باتۇرلارچە ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆز قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىشنى، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشنى بايرىقى روشەن ھالدا قوللىشى لازىم.

3. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش لازىم.

ۋەتەنپەرۋەر دىنىي كەسپىي خادىملار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش دىنىي خىزمىتىمىزنىڭ بىر تۈرلۈك ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ تەربىيىلىشى، يېتىشتۈرۈشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى دىنىي زاتلارنىڭ روھىي قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، كەڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ۋە فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھىمايە قىلىپ، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ھىمايە قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىشىنىدىغان ۋە تايىنىدىغان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار قوشۇنى شەكىللەندى.

لېكىن نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ قوشۇننىڭ يېتىشتۈرۈلۈشى ۋە قۇرۇلۇشى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە تېخى تولىمۇ ئۇيغۇنلىشالمايۋاتىدۇ. بىر تەرەپتىن، پېشقەدەم ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ كۆپ قىسمى ياشىنىپ قالدى، ئۇلارنىڭ ئىزىنى باسىدىغانلار كەمچىل بولۇۋاتىدۇ، شۇڭا، ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدىغان، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان، ھەم مەلۇم دىنىي بىلىمگە ئىگە بولغان، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغان بىر تۈركۈم ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي كەسپىي خادىملارنى پىلانلىق ھالدا يېتىشتۈرۈشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ھازىرقى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي كەسپىي خادىملارنىمۇ جىددىي يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ سەۋىيىسىنى تېز ئۆستۈرۈش مەسىلىسى بار، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىش،

پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھىمايە قىلىش كۆز قارىشىنى كۈچەيتىشكە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش ئېڭىنى كۈچەيتىشكە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياردەم بېرىش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى شەيئىلەرنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشىغا، دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىگە يېتىشىپ مېڭىشىغا، دىنىي بىلىم سەۋىيىسىنى ۋە تەفسىر ئېيتىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىگە ياردەم بېرىش لازىم. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ كەلگۈسىدىكى قىياپىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان، مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان خىزمەت، شۇڭا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، بۇ خىزمەتنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەش لازىم.

ياش بىر ئەۋلاد ۋەتەنپەرۋەر دىنىي كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، يەر ئاستى دىنىي مەكتەپلەرنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش، بىر تەرەپتىن، دىنىي ئىنستىتۇت، مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇش لازىم.

ئالدىنقى بىر مەزگىلدە، بەزى جايلاردا خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپ ئېچىش، ئۆز ئالدىغا تالىپ تەربىيىلەش ئەھۋالى بىر قەدەر ئېغىر بولدى. مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرمۇ دەل مۇشۇ ۋاستىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزى ئۈچۈن بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تايانچى ئۇنسۇرلارنى يېتىشتۈردى. بۇ قېتىمقى مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش، تۈزەش خىزمىتىدە، يەر ئاستى دىنىي مەكتەپلەرنى مەخسۇس تۈزەش ۋە ئۇلاردىكى تالىپلارنى مەخسۇس ئېنىقلاپ چىقىش مەسىلىسىنى نۇقتىلىق ياخشى ھەل قىلىش لازىم. بىزنىڭ سىياسىتىمىز ئىنتايىن ئېنىق ھەم قەتئىي، يەنى يەر ئاستى دىنىي مەكتەپلەرنى، تەفسىرخانا ۋە چامباشخانىلارنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرىمىز. قايتا - قايتا تەربىيە بېرىلسىمۇ ئۆزگەرتمىگەنلەرنى قانۇن بويىچە جازالايمىز. خۇسۇسلار ئاچقان دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان خادىملارنى بىر - بىرلەپ تىزىملايمىز ۋە تەكشۈرۈپ چىقىمىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئادەتتىكى خادىملارغا، ئاساسلىقى، تەنقىد - تەربىيە بېرىمىز، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى قانۇن بويىچە جازالايمىز.

بىزنىڭ يەر ئاستى دىنىي مەكتەپلەرنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرىمىز دېگەنلىكىمىز ھەرگىز ياش دىنىي كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرمەيمىز، دېگەنلىك ئەمەس، ئەكسىچە ھۆكۈمەت بۇ خىزمەتنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋەتەنپەۋەر دىنىي زاتلار ساھەسىنى ئىز باسارلارغا ئىگە قىلىدۇ. نۆۋەتتە، زور كۈچ سەرپ قىلىپ شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئاچقان دىنىي مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇش، شىنجاڭ ئىسلام دىنى مەكتىپىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىگە ئەستايىدىل، ياخشى تەشكىلاتچىلىق قىلىش لازىم. شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى قاتلىمى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرىدىغان بازا، ئۇنىڭ خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش، خىزمەت سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش، كادىرلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۆتكىلىنى قاتتىق ئىگىلەش لازىم. باشقۇرۇش ۋاستىلىرىنى كۈچەيتىش، ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى قېلىپلاشتۇرۇش، سىياسىي دەرس ئوقۇتۇشىنى كۈچەيتىش، مەدەنىيەت دەرسى مەزمۇنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇتۇش داۋامىدا جەمئىيەتتىكى قىززىق نۇقتا مەسىلىلىرى ۋە كىلاسسىك دىنىي ئەقىدىلەر توغرىسىدا دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىلىك بولغان

چۇشەندۇرۇشلەرنى ئېلىپ بېرىش لازىم. ئوقۇغۇچىلارنى دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەتقىقات ۋە مۇھاكىمىگە، دىن نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى تەتقىقات ۋە مۇھاكىمىگە قاتنىشىشقا دائىم تەشكىللەش ۋە يېتەكلەش لازىم. ئالاقىدار تەرەپلەر يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە كۈچلۈك قوللاپ، ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتىنى ھەقىقىي تۇردە كوممۇنىستىك پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان، بىر قەدەر يۇقىرى دىنىي بىلىمگە ئىگە بولغان يۇقىرى قاتلاملىق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى يېتىشتۈرىدىغان تەربىيە بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم. ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى دىنىي مەكتەپلەرنىمۇ مۇشۇ تەلەپ بويىچە ھەقىقىي تۇردە ياخشى باشقۇرۇش لازىم. مىللەت ـ دىن ئىشلىرى تارماقلىرى ئەستايىدىل تەشكىللەپ، كۆڭۈل قويۇپ يېتەكلەپ، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمىتى ئارقىلىق، «ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ ‹ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياش، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكرى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» (ش پ ب [1996] 10 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتى) نىڭ روھىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھازىر ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان دىنىي زاتلارنىمۇ پىلانلىق ھالدا يېتىشتۈرۈش ـ تەربىيىلەش لازىم، شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتى، سوتسىيالىزم ئىنىستىتۇتى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى سىياسىي مەكتەپلەر يېتىشتۈرۈش پىلانىنى ئەستايىدىل تۈزۈپ چىقىپ، بۇ خىزمەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى بىلىمنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشى لازىم.

4. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسلىق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلات، ئۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت دىنىي ساھەدىكى زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان، تەربىيىلەيدىغان، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئامما بىلەن ئالاقە باغلايدىغان كۆۋرۈك. ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش بىزنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇش ـ ئۇيۇشتۇرالماسلىقىمىزغا، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ـ قىلدۇرالماسلىقىمىزغا، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۈنۈملۈك قوغداپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى توسۇش ـ توسيالماسلىقىمىزغا، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش ـ بېرەلمەسلىكىمىزگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە ئۇچىغا چىققان دىنىي كۈچلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا غالجىرلارچە زەربە بېرىپ ۋە زىيانكەشلىك قىلىپ، ئاتالمىش «كۆۋرۈكنى بۇزۇپ تاشلاش ھەرىكىتى» نى يولغا قويۇشتىكى مەقسىتى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار ئارقىلىق، ئالدى بىلەن ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئارقىلىق دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئامما بىلەن ئالاقە باغلايدىغان بۇ كۆۋرۈكنى بۇزۇپ تاشلاشقا ئورۇنۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى ئۆز زىممىسىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ۋە ئۆزى ئويناشقا تېگىشلىك مۇھىم رولىنى ئېنىق تونۇپ، ئۆز رولىنى ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

ئىسلام دىنى جەمئىيىتى قانداق قىلغاندا ئۆز رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرالايدۇ، مېنىڭچە، ئاساسلىقى، تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

بىرىنچى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىش، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا، قانۇنلىرىغا ۋە نىزاملىرىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىش لازىم.

مەملىكىتىمىزدە ھەر قانداق كوللېكتىپ، ھەر قانداق تەشكىلات ئالدى بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىشى، ئۆز پائالىيىتىنى ئاڭلىق ھالدا دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى، قانۇنلىرى ۋە نىزاملىرىنىڭ چەكلىمىسى ئاستىدا قانات يايدۇرۇشى لازىم. ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى شەك - شۈبھىسىز ھالدا بۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلىشى لازىم. بۇ سىياسىي جەھەتتىكى چوڭ ھەق - ناھەق مەسىلىسى، ئۇنىڭدا قىلچە بىخۇتلۇق قىلىشقا ۋە ئۇنىڭدىن قىلچە تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى ئۆزى سىياسىي مەيدان جەھەتتە مۇستەھكەم بولۇپ، بايرىقىنى روشەنلەشتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىغا دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى، قانۇنلىرى ۋە نىزاملىرىغا رىئايە قىلىش ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، بارلىق قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشى ۋە ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا يېتەكلىشى لازىم.

ئىككىنچى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش لازىم.

سوتسىيالىزم شارائىتىدا، دىن چوقۇم سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ئۇيغۇنلىشىشى لازىم. دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەش دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىدىن خۇداكۆيلۈق دۇنيا قارىشىدىن ۋە دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن سىياسىي جەھەتتە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھىمايە قىلىشنى، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرى ۋە نىزاملىرىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىق. نۆۋەتتە ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، دىنىي ساھەدىكىلەرنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، دىنىي ئەقىدىلەردىكى ئاكتىپ ئامىللارنى جارى قىلدۇرۇپ، دىندىكى بەزى ئەخلاق ۋە ھەرىكەتلەرنى جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە پايدىلىق بولغان ئىزاھاتلارنى بېرىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ۋەتەننى سۆيىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان، جەمئىيەتكە بەخت يارىتىدىغان قىلىش، دىنىي ساھەدىكىلەرنى ئۆز ئارتۇقچىلىقى ۋە ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇش، مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، دىندىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان كونا، ناچار ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشقا يېتەكلەشتىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دىنىي ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى

ۋەتەنپەرۋەر دىنىي كۈچلەرنىڭ قولىغا چىڭ تۇتقۇزۇش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى دىنىي كەسپىي خادىملار قوشۇنىنىڭ تەشكىللىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە ھەمكارلىشىپ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، دىنىي كەسپىي خادىملارغا دائىم ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ۋە قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، دىنىي كەسپىي خادىملار قوشۇنىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى، دىنىي ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي كۈچلەرنىڭ قولىغا چىڭ تۇتقۇزۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، دىنىي كەسپىي خادىملارنىڭ ئىدىيە ئەھۋالىنى دائىم ئىگىلەپ تۇرۇشى، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىپ تۇرۇشى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك.

تۆتىنچى، خەلق ھۆكۈمىتىگە ھەمكارلىشىپ، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش كېرەك.

دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى توغرا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى. خەلق ھۆكۈمىتىگە ھەمكارلىشىپ، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىلىرىنىڭ بىرى. قانداق قىلىپ ئۆز خىزمىتىنى ئاڭلىق ھالدا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىغا قويۇش، قانداق قىلىپ خەلق ھۆكۈمىتىگە ھەمكارلىشىپ دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئىسلام دىنى جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ تېما.

قانۇن بويىچە باشقۇرۇش دېگەنلىك، قانۇنلۇق بولغانلىرىنى قوغداش، قانۇنغا خىلاپ بولغانلىرىنى توسۇش، قانۇنسىز بولغانلىرىغا زەربە بېرىش، دېگەنلىك. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەرگىز دىنىي پائالىيەتلەرگە نىسبەتەن ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىشتىن، ھەتتا دىندىن پايدىلىنىپ قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى كۆرسىمۇ كۆرمەسلىككە سېلىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ؛ دىنىي ئىشلارغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش نورمال دىنىي پائالىيەت بىلەن قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتنى پەرقلەندۈرمەي، ھەممىنى بىراقلا چەكلەشتىنمۇ دېرەك بەرمەيدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئۈچۈن، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن ۋە سىياسەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك. خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىش، قوللاش ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىش ئىسلام دىنى جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى.

خەلق ھۆكۈمىتىگە ھەمكارلىشىپ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشتا، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى چوڭ رول ئوينىشى كېرەك ۋە ئۇلار شۇنداق قىلالايدۇ. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايون مەركەزلىك تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا دائىر بىر قاتار سىياسەت، نىزاملارنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىۋاتىدۇ ۋە ئۇلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈۋاتىدۇ. بۇ سىياسەت، نىزاملارنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇش داۋامىدا، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ

ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، خەلق ھۆكۈمىتى تەرەپتە چىڭ تۇرۇپ، بايرىقى روشەن ھالدا ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئېنىق بىلدۈرۈپلا قالماستىن، مۇھىمى سىياسەت، نىزاملارنى ئىزچىللاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى تېخىمۇ كونكرېت تەتقىق قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن پائال شۇغۇللىنىدىغان قىلىش رولىنى ھەقىقىي تۇردە جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى خەلق ھۆكۈمىتىگە پائال ماسلىشىپ، مەركەزلىك تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملىشى، يەر ئاستى دىنىي مەكتەپلەرنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دىن ئۆگەنگۈچىلەرگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەڭ دىنىي زاتلار ۋە كەسپىي خادىملارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ۋە تەشكىللەپ، ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، «بەشتە ياخشى دىنىي زات» ۋە «بەشتە ياخشى دىنىي پائالىيەت سورۇنى»نى باھالاش، تەقدىرلەش پائالىيىتىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دىنىي خىزمىتىنى قانۇن - تۈزۈملىشىش يولىنى بويلاپ ساغلام راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ نىزامنامىسىگە ئاساسەن نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا قانات يايدۇرۇشىنى قوللىشى، پارتىيىنىڭ تۇرلۇك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى دائىم ئۇقتۇرۇپ تۇرۇشى، ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ تۇرۇشى، دىنىي ئىشلارغا دائىر مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ تۇرۇشى، بەزى جايلاردا ساقلىنىۋاتقان دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى خالىماسلىق، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى بىلمەسلىك، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشتىن قورقۇش، ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمىتى بىلەن كارى بولماسلىق ئەھۋاللىرىنى ئۆزگەرتىشى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئايرىش توغرىسىدىكى ھۆججىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن چىڭ تۇتۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى قوللاپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتلەردىكى ئەمەلىي مەسىلىلىرى ۋە كونكرېت قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى ئۆز خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

دوستلار، يولداشلار! نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىز مۇھىم تارىخىي تەرەققىيات مەزگىلىدە تۇرماقتا. بۇ يىل، مەملىكىتىمىز شياڭگاڭغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى غەلىبىلىك ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بولۇش» تەسەۋۋۇرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزنىڭ كۈنسېرى گۈللىنىپ، قۇدرەت تېپىپ خەلقئارادىكى ئورنىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆسكەنلىكىنىڭ ئېنىق ئىسپاتى. قۇدرەتلىك خەلق

ھاكىمىيىتى ئالدىدا، ھەر قانداق دۈشمەننىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش سۇيىقەستى كۆپۈككە ئايلىنىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 15 - قۇرۇلتىيى ئېچىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ، بۇ قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشى بىلەن، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى يېپيېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تۈپ مەنپەئىتى. دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلىك تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تايانچ كۈچلىرىگە، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەرگە، ئۇچىغا چىققان دىنىي كۈچلەرنىڭ باش ئۇنسۇرلىرىغا زەربە بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مۇقىملىقىنى ساقلاش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. بىز ئىشىنىمىزكى، مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل، ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەيدىغانلا بولساق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دىنىي خىزمىتىنى چوقۇم ياخشى ئىشلەپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ھەر مىللەت ئاممىسىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش سۇيىقەستىنى تارمار قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتالايمىز.

ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشىنى تىلەيمەن!

دىنىي ساھەدىكى دوستلارنىڭ تېنىگە سالامەتلىك تىلەيمەن.

كۆپچىلىككە رەھمەت.

# ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى    يۈسۈپ ئەيسا

**1997 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى**

ھۆرمەتلىك ھەيئەتلەر، يولداشلار، دوستلار:

بۈگۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى داغدۇغىلىق ئېچىلدى، بۇ يىغىننىڭ ئېچىلىشى بۇرۇنقى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، يېڭى ۋەزىيەتتە ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! سىزلەردىن ھەمدە سىزلەر ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيەتلىرىدە تىرىشىپ ئىشلەۋاتقان يولداشلار ۋە دوستلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن!

ئۆزۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى دىنىي ساھەلەر، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ غەمخورلۇقىدا، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولماقتا، دىنىي تەشكىلاتلار، دىنىي سورۇنلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى قانۇن بويىچە قوغدالماقتا. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت ئامما كۆڭلى ئازادە ھالدا نورمال دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانماقتا. ئىسلام دىنىنى ئالساق 1993 - يىلى ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن بولغان ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈردى، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇردى. بولۇپمۇ مەركىزىي كومىتېتنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 5 - نومۇرلۇق ھۆججىتى تارقىتىلغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيەتلىرى دىنىي ساھەدىكى زاتلارنى ھۆججەتنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈشكە ئاكتىپ تەشكىللىدى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما شىنجاڭنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك

ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالدى. مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر، دېگەن يەكۈنگە بولغان تونۇشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى ئاكتىپلىق توسۇپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىش ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەگىشىپ مېڭىش ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، سىياسىي مۇقىملىقى ئۈچۈن پائال تىرىشچانلىق كۆرسەتتى ۋە بۇ جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ۋەزىيىتى يەنىلا ناھايىتى كەسكىن. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىنى خالىمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىزگە قاراتقان «غەربلەشتۈرۈش»، «بۆلگۈنچىلىك قىلىش» ھەرىكىتى بىر كۈنمۇ توختاپ قالغىنى يوق. يېقىندا، ئامېرىكا گوۋۇيۈەنى دۇنيادىكى دىنلار توغرىسىدىكى بىر دوكلاتىدا، دۆلىتىمىزنىڭ دىن ئەھۋالىنى بۇرمىلاپ ۋە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، دىن بىلەن پارتىيە، ھۆكۈمىتىمىز ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغدۇرۇپ، دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇندى. ئىچكى - تاشقى مىللىي بۆلگۈنچىلەرمۇ غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئارقىدا قالغىنى يوق. ئۇلار ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ئەكسىيەتچىل تەشكىلات قۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا مەخپىي ھالدا قورال يۆتكەپ، قورال ياساپ، تايانچى تەربىيىلەپ، تىنچ ئۈچىنى بىۋاستە جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، ھەر دەرىجىلىك كادىر، ئاممىغا ھەم ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا قاراتتى. ئۇلار دىن تۇغىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، «غازات» قىلىشنى تەرغىپ قىلىپ، دىنسىزلارنى يوقىتىمىز، دەپ خار سېلىپ، غۇلجا شەھىرىدە كىشىنى چۆچۈتىدىغان 5 - فېۋرال ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەسىنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە 25 - فېۋرال ئاپتوبۇس پارتلىتىش دېلوسىنى ۋە شۇ قاتارلىق نەچچە 10 قېتىملىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسىنى سادىر قىلدى. بەزى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ۋە بىگۇناھ ئاممىا ۋەھشىيانە ئۆلتۈرۈلدى. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. بىز بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش مىللىي مەسىلىمۇ، دىنىي مەسىلىمۇ بولماستىن، بەلكى تېررورلۇق قىلىش بىلەن تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىك قىلىش بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت دوست - دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ۋە ھەر مىللەت خەلق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەسەبىيلەشكەن دۈشمەنگە قاتتىق زەربە بېرىپ، دۈشمەننىڭ بىر تۈركۈم تايانچى ئۇنسۇرلىرىنى يوقاتتى. دۈشمەننىڭ بىر تۈركۈم قورال - ياراق، ئوق - دورىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، بىر تۈركۈم ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتلىرىنى بىتچىت قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق سىياسىي ۋەزىيىتى ۋە نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. لېكىن بىز شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، دۈشمەن ئۆز مەغلۇبىيىتىگە ھەرگىز تەن بەرمەيدۇ. ھازىر، ئىچكى - تاشقى مىللىي بۆلگۈنچىلەر يەنىلا ئۆزئارا نەرە تارتىشىپ، بىر - بىرىنى قوللاۋاتىدۇ. دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ھەرخىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، دىنىي ساھەنىڭ

رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا، دىنىي بازىنى ئىگىلەپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ. بەزى جايلاردا كەلسە - كەلمەس مەسچىت سېلىش، يوشۇرۇن قارىيخانا (نۇقتا) قۇرۇش، تالىپ تەربىيىلەش مەسىلىسى ھېلىھەم تولۇق توسۇلۇپ كەتكىنى يوق. بۇلارنىڭ ھەممىسى، نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا مۇقىمسىزلىق ئامىلىنىڭ يەنىلا مەۋجۇتلىقىنى، بەزى چوڭ - چوڭ يوشۇرۇن خەۋپلەرنىڭ تەلتۆكۈس تۈگىتىلمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇزاققىچە ئامان - ئېسەن بولۇشىغا ھەقىقى كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندە مەن، ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرى توغرىسىدا بىر قانچە پىكرىمنى سۆزلەپ ئۆتىمەن.

1. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى دىنىي زاتلارنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى، ئاپتونوم رايوننىڭ 5 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ۋە ۋاڭ لېچۈەن شۇجىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشقا داۋاملىق تەشكىللەپ، تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشى لازىم.

مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 5 - نومۇرلۇق ھۆججىتى بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى تۇتۇتۇشتىكى پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت. ۋاڭ لېچۈەن شۇجىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم سۆزلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى باش ۋەزىپىسى دىنىي زاتلارنى يۇقىرىقى ھۆججەتلەرنى ۋە يىغىن روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا داۋاملىق تەشكىللەپ، كۆپ خىل ئۆگىنىش ۋە تەربىيە بېرىش شەكلى ئارقىلىق تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ھەربىر دىنىي زاتقا بىز بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلىك، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك، ھايات - ماماتلىق كۈرەش ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدا ھېچ قانداق مۇرەسسە قىلىش، يول قويۇش ئىمكانىيىتى يوقلىقىنى ئېنىق تونۇتۇشتىن ئىبارەت. مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر دىن ساھەسىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىش ئۈچۈن، مەزھەپلەرنى قۇترىتىپ ماجىرا تۇغدۇرۇپ، دىنىي ساھەنىڭ ئىچكى قىسمىدا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى. ھەتتا زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋاستىلىرى بىلەن ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلىرىمىزغا زىيانكەشلىك قىلدى. بۇ خىل ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىلىك ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ قاتتىق ئەيىپلىشىگە ۋە زەربە بېرىشىگە ئۇچرايدۇ. دىنىي ساھەدىكى دوستلار شۇنى تونۇپ يېتىشى كېرەككى، پەقەت جۇڭگو كومپارتىيىسىلا دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى بولالايدۇ، پەقەت جۇڭگو كومپارتىيىسىلا ھەر مىللەت خەلققە بەخت ئېلىپ كېلەلەيدۇ. پەقەت پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتلا دىنىي ساھە ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتىنى ھەقىقىي قوغدايدۇ. شۇنداقلا سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلغاندىلا ئاندىن خاتىرجەم ياشاپ، نورمال بولغان ھەم كاپالەتكە ئىگە بولغان دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق چوڭ ھەق - ناھەق مەسىلىسى

ئالدىدا بىز چوقۇم مېڭىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، قانۇننىڭ ئىناۋىتى، خەلقنىڭ مەنپەئىتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى باشتىن - ئاخىر ھەق - ناھەقنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە بايرىقىمىز روشەن ھالدا قارشى تۇرۇشىمىز، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرگە قاتتىق زەربە بېرىشكە ئاكتىپ ماسلىشىشىمىز لازىم.

2. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى دىنىي ساھەنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا پائال يېتەكلىشى كېرەك.

دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدىكى مۇھىم تېما. شۇنداقلا دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئىچكى ئېھتىياجى. ھەر بىر دىنىنىڭ تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دىن پەقەت ئىجتىمائىي، سىياسىي تۈزۈمگە ئۇيغۇنلاشقاندىلا، ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيەتلىرى دىنىي زاتلارنى دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. لېكىن، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا ئىسلام دىنى ساھەسىدە يەنىلا بەزى مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن: دىن مەمۇرىيەت، ئەدلىيە، مائارىپ، پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈۋاتىدۇ؛ تەستىقسىز مەسچىت سېلىش، ئۆز ئالدىغا تالىپ تەربىيىلەش ئەھۋالىنى توساپمۇ توگەتكىلى بولمايۋاتىدۇ؛ بەزى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە ۋە دۆلەت قانۇنىغا خىلاپ مەزمۇندىكى ۋەزلەر ئېيتىلىۋاتىدۇ. بەزى دىنىي قائىدە، تۈزۈملەر ۋە ئەنئەنىۋى ئىدىيىلەر دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى قانۇن، نىزاملىرىغا ئۇيغۇنلىشالمايۋاتىدۇ؛ بەزى قالاق قاراش ۋە ئۇسۇللار بەزى يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ دىنىي تەشكىلاتلىرىمىز ۋە دىنىي زاتلىرىمىزغا ھۇجۇم قىلىش باھانىسىگە ئايلىنىپ قالدى. بەزى قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر دۈشمەنلەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەتكە، سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ھۇجۇم قىلىش ۋاستىسىگە ئايلىنىپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە دۈشمەنگە ياردەم قىلىش رولىنى ئوينىدى؛ بۇنداق پاسسىپ ئەھۋاللارنى جەزمەن كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ تۈزىتىشىمىز كېرەك. ھەر دەرىجىلىك دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇھىم ھەم جىددىي ۋەزىپىسى — پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ يۈكسەك ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىغان، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، تۇرمۇشى، تەن سالامەتلىكى، پىسخىك ساغلاملىقىغا دەخلى بولىدىغان، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قالاق ئادەتلەرنى قەتئىي توسۇپ، كونا، قالاق ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈشتە چىڭ تۇرۇش، «قوش بەشتە ياخشى» نى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنى كەڭ يولغا قويۇپ، دىنىي قائىدىلەردىكى ئىجتىمائىي ئەخلاقتا، ھالال ئەمگەك بىلەن باي بولۇشقا ۋە ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە پايدىلىق بولغانلىكى تەرەپلىرىدە چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت.

3. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى دىنىي ساھەدە قانۇنچىلىق تەربىيىسى پائالىيىتىنى چوڭقۇر ھەم ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، دىنىي پائالىيەتلىرىنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىشنى چىڭىتىشى كېرەك.

دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون ئېلان قىلغان دىنغا دائىر قانۇن - نىزاملار سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. شۇنداقلا بىزنىڭ قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى چەكلەش ۋە قانۇنغا خىلاپ دىنىي ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشتىكى مۇھىم قانۇن ئاساسىمىز. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرى بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتتە قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى مۇھىم خىزمەت قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ، دىنىي زاتلارنىڭ مۇھىم ئۆگىنىش مەزمۇنى قىلىشى كېرەك. بەزى جايلار دىنىي زاتلارنىڭ قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش مۇسابىقىسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، قانۇن ساۋاتلىرىدىن ئىمتىھان ئېلىش بىلەن دىنىي زاتلارنى تەكشۈرۈشنى چېتىش ئۇسۇلىنى قوللانغان، بۇ تەشەببۇس قىلىشقا ئەرزىيدىغان ناھايىتى ياخشى ئۇسۇل. قىسقىسى، ئۇنۇملۇك ئۇسۇللار ئارقىلىق دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىپ، ھەرقانداق دىنىي زات ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بارلىقىنى، لېكىن بۇ ھەرگىز دىنىنىڭ ئەركىنلىكى بولماستىن، بەلكى دىنىي پائالىيەتلەرنى چوقۇم قانۇن ۋە سىياسەت يول قويغان دائىرىدە ئېلىپ بېرىش لازىملىقىنى، ئاڭلىق ھالدا قانۇندىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈش لازىم. مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەسچىتلەرنى باشقۇرۇشقا ئائىت تۈرلۈك قائىدە، تۈزۈملەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز ئارا نازارەت قىلىپ، ئۆز ئارا تۈرتكە بولۇپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى ھەقىقىي تۈردە قانۇن بويىچە باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك.

4. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى سىياسىي ئۆلچەمنى بىرىنچى پرىنسىپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئوقۇتقۇچىلار ۋە خىزمەتچىلەرنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭىنىڭ (1990) 10 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھى بويىچە، تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا بىر تۈركۈم ياش ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، بىر مەزگىل دىنىي زاتلارنىڭ ئىز باسارلىرى كەمچىل بولۇش ئەھۋالىنى مەلۇم دەرىجىدە پەسەيتتى. لېكىن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يېتىشتۈرۈش خىزمىتى ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، ھازىرقى بىر قىسىم دىنىي زاتلار ياشىنىپ قالغان بولۇپ، بەزىلىرى نورمال دىنىي پائالىيەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. يەنە بەزى دىنىي زاتلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، دىنىي سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن بولۇپ، ھازىرقى بازار ئىگىلىكى يېڭى ۋەزىيىتىدە بارلىققا كەلگەن بەزى «قىزىق نۇقتا» مەسىلىلەرنى دىنىي ساۋاتلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ توغرا، قايىل قىلارلىق قىلىپ چۈشەندۈرەلمىگەنلىكتىن، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى جەلپ قىلالماي قالغان، بۇنىڭ بىلەن دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر بۇ كاۋاكتىن پايدىلىنىپ كەتكەن. شۇڭا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى ۋە جايلاردىكى

ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، جايلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۇردە ياخشى ئىشلىشى كېرەك. يېتىشتۈرۈش جەريانىدا كۇرسانتلارنىڭ دىنىي بىلىم ئېلىشىغا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى سىياسىي ئۆلچەمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، كۇرسانتلارنى سىياسىي - ئىدىيە، مەدەنىيەت بىلىملىرى، قانۇن بىلىملىرى ۋە دىنىي بىلىملەر بويىچە ئۇنىۋېرسال تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، بىز تەربىيىلەپ چىققان ياش دىنىي زاتلارنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىدىغان، پارتىيىنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى ھىمايە قىلىدىغان ھەمدە دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرىدىغان بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

5. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

دىنىي خىزمەت پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئاممىۋى خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. دىنىي تەشكىلاتلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن ئالاقىلىشىشىدىكى كۆۋرۈك بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر دىنىي تەشكىلاتلارغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىدە ئاپپارات مۇكەممەل بولماسلىق، خادىملار شتاتى ئاز، خىراجەت قىس، خىزمەت شارائىتى ناچار بولۇشتەك مەسىلىلەر ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر بۇ مەسىلىگە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇشتا دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىپ، بۇ مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك دىنىي تەشكىلاتلارمۇ پائال تەشەببۇسكارلىق بىلەن پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇل تارماقلىرىدىن يوليورۇق سوراپ خىزمەتلەرنى دوكلات قىلىشى، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، دىنىي قوشۇننى ساپلاشتۇرۇشى، ۋەتەننى سۆيمەيدىغان، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلمايدىغان، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى قوللاپ، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان، دىنىي مەزھەپ ماجىراسى پەيدا قىلىپ، دىنىي ساھەنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغانلارنى دىنىي قوشۇندىن قەتئىي تازىلاپ چىقىرىۋېتىشى لازىم.

ئاپتونوم رايونىمىز كۆپ دىنلىق رايون، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ئەڭ كۆپ بولغان بىر دىن، ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەڭ چوڭ دىنىي تەشكىلات بولۇپ، ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنىدىن بۇيان، مۇتلەق كۆپ ساندىكى دىنىي تەشكىلاتلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 5 - نومۇرلۇق ھۆججىتى روھىنى پائال تەشۋىق قىلدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنى يېتەكلەپ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە پائال قاتناشتى. لېكىن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي زاتلارنىڭ بۇ كۈرەشتىكى پوزىتسىيىسى ئاكتىپ بولمىدى، ھەتتا بۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. بۇ بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە مەيداننىڭ تازا قەتئىي

بولمىغانلىقىنىڭ، بايرىقى تازا روشەن بولمىغانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. بۇنى جەزمەن قەتئىي تۈزىتىش كېرەك. بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر بىلەن بولغان كۈرىشىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك ھەم مۇرەككەپ كۈرەش، ھەر دەرىجىلىك دىنىي تەشكىلاتلىرىمىز ۋە دىنىي زاتلىرىمىز ئۆزىدىكى ئالاھىدە ئۈستۈنلۈكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە ئاممىا بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىدىغان پايدىلىق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتچىلىرىنىڭ دۆلەت ۋە خەلققە بالايى ئاپەت ئېلىپ كەلگەن جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىشى، ئۇلار تارقاتقان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە پايدىسىز ھەرخىل سەپسەتىلەرنى ئېچىپ تاشلاپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىغا شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن ۋەتەننىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىتنى دائىم تەشۋىق قىلىپ، دىنىي ساھەنى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ئاپتونوم رايونىمىز نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىۋاتقان مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىگە ئاكتىپ ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىپ، بۇزۇق ئادەم ۋە يامان ئىشلارنى پاش قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈچۈن كۆپرەك خىزمەت قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى ھەرخىل دىنىي مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش، ھەركىم ئۆز ئىشىنى قىلىش، ئۆز ئارا ئارىلاشماسلىق، ئىناق بىللە ئۆتۈش پرىنسىپى بويىچە مۇئامىلە قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان دىن ۋە ئوخشاش بولمىغان مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىشى، تەربىيىلەش، يېتەكلەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىا ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىا بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىا ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئېتىقاد قىلىدىغانلار بىلەن ئېتىقاد قىلمايدىغانلارغا ئوخشاش قاراپ تەڭ مۇئامىلە قىلىشى، يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىا بىلەن ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىا ئوتتۇرىسىدا، ھەرخىل دىن ۋە ئوخشاش دىندىكى ئوخشاشمىغان كۆز قاراشتىكىلەر ئوتتۇرىسىدا ماجىرا پەيدا قىلىشىدىن ھوشيار بولۇپ ۋە ئۇنى ۋاقتىدا توسۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى لازىم.

ھەيئەتلەر، يولداشلار، دوستلار، بىز مەركىزىي كومىتېتنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 5 - نومۇرلۇق ھۆججىتى روھىنى داۋاملىق ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋاڭ لېچۈەن شۇجىنىڭ بىر قانچە يىغىندا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە بېجىرىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا بارلىق خىزمەتلىرىمىزنى ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشايلى!

ھەممەيلەنگە رەھمەت.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپى

**مۇھەممەد ھەنەفى ۋەنياۋ بىڭ**

## بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

رەھبەرلەر، دائىمىي ھەيئەتلەر، مېھمانلار
ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

بۈگۈن بىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ قىزغىن تەكلىپىگە بىنائەن، ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىغا قاتناشقانلىقىمىزدىن ئىنتايىن خۇشالمىز. ئالدى بىلەن، مەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە رەئىس سالىھ ئەن شۇۋېي ئاخۇن نامىدىن بۇ يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن؛ بۇ يىغىنغا قەدەم تەشرىپ قىلغان رەھبەرلەرگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن؛ يىغىنغا قاتناشقان ھەر قايسى دائىمىي ھەيئەتلەردىن ۋە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمان قېرىنداشلاردىن سەممىي ھال سورايمەن.

بۇ قېتىمقى يىغىن، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا شياۋگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەۋاتقان، پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىنى قىزغىن كۈتۈۋېلىۋاتقان مەزگىلدە ئۆتكۈزۈلدى.

نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىزدە سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم، ئىگىلىك گۈللىنىۋاتقان، مىللەتلەر ئىناق - ئىتتىپاق ھالەت شەكىللەندى. شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا ئوڭۇشلۇق قايتىپ كېلىشى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقىملىقى ۋە روناق تاپقانلىقىنى نامايەن قىلدى، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىغا ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاكتىپلىقىغا زور دەرىجىدە ئىلھام بەردى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، ئۇلۇغۋار ئىگىلىك يارىتىۋاتقان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى مۇقىملىق ئاساسىدا ئىتتىپاقلىشىپ، روناق تېپىشقا ئىنتىلىۋاتقان تارىخىي پەيتتە، بۇ يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ يىغىن، شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار بىلەن ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا پايدىلىق؛ شىنجاڭ ئىسلام دىنىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلەردىكى خىزمەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ قانات يايدۇرۇشقا پايدىلىق.

ئۇزۇندىن بۇيان، شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتى بىلەن ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى، مەدەت بېرىشى ۋە رەھبەرلىك قىلىشى ئارقىسىدا، ھۆكۈمەتنىڭ پارتىيىنىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە پائال ياردەملىشىپ كەلدى؛ ئاساسىي قانۇن، قانۇن، نىزام ۋە سىياسەتلەر دائىرىسى ئىچىدە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇردى؛ ئىسلام مائارىپىنى پائال يولغا قويۇپ، يېڭى بىر ئەۋلات ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك ئىز باسارلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى؛ مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش ۋە دىننى سۆيۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدىدى؛ شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتناشتى؛ ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۆز ئارا ئۇيغۇنلىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلىدى. بولۇپمۇ جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلىك ئوڭشاش، زوراۋانلىق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش مەزمۇن قىلىنغان مەخسۇس كۆرەشتە، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى كەڭ زاتلار ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى قەتئىي مەيداندا تۇرۇپ، بايرىقى روشەن ھالدا قەيسەرلىك روھى كەيپىياتى بىلەن، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە قانۇننىڭ ئىززەت - ئابرويىنى قوغداش يولىدا ئاكتىپ تۆھپە قوشتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، بىز كۆپچىلىككە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.

شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى مۇشۇ باي، گۈزەل، كەڭ زېمىندا ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا ياشاپ ۋە ئاۋۇپ، بەختىيار، تىنچ، باي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە تەشنا بولۇپ كەلگەن. شىنجاڭ - مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ چېگرا رايونى، شۇنداقلا ئېلىمىزدە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئەڭ كۆپ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللى ئاپتونوم رايون. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقىملىقى ۋە گۈللەپ ياشنىشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك؛ مەركەزنىڭ ئوتتۇرا - غەربىي رايونلارنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى ستراتېگىيىسىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە يولغا قويۇلۇشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك؛ شىنجاڭدىكى 10 مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ بەخت سائادىتى ۋە تىنچ - ئامانلىقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىز ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشقا تۇتۇش قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ ھال، كەلگۈسى 10 يىل ئىچىدە، شىنجاڭ ئىگىلىكىنىڭ ئۇچقاندەك يۈكسىلىشىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىنى، ھەمدە ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ نورمال راۋاجلىنىشىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن پۇرسەت ۋە كەڭ مەنزىرە بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. لېكىن، نۆۋەتتە غەربتىكى بەزى دۈشمەن كۈچلەر دۆلىتىمىزنى «غەربلەشتۈرۈش»، «پارچىلاش» مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، مىللەت ۋە دىننى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي رايونلىرىغا سىڭىپ كىرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. كىشىنىڭ نەپرىتىنى تېخىمۇ قوزغايدىغىنى شۇكى، ناھايىتى ئاز سانىدىكى زوراۋان جىنايەتچىلەر، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە دىنى ئەسەبىي كۈچلەر دىنىي بايراقنى كۆتىرىۋېلىپ، دىننى قوغداش دېگەن ئاتاق بىلەن، ۋەتىنىمىزنى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ؛ ئۇلار

چەت ئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، مىللىي ۋە دىنىي ماجىرا قوزغاپ زوراۋانلىق ۋە تېررورلۇق ھەرىكەتلەرنى ئاشكارا ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ؛ ئۇلار دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزگەن غۇلجا 5 - فېۋرال ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش پاراكەندىچىلىك ۋەقەسىنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە 25 - فېۋرال ئاپتوبۇس پارتلىتىش ئەنزىسىنى ھەمدە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان بىر قاتار ۋەقەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇلار ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق ياخشى ۋەزىيىتىگە ئېغىر خەۋپ - خەتەر يەتكۈزدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە ئېغىر زىيان سالدى. ئىسلام دىنى تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن. ئۇلارنىڭ «دوستلارنى قاقشىتىپ، دۈشمەنلەرنى خۇش قىلىدىغان» بۇ خىل جىنايى قىلمىشلىرى دۆلەت قانۇنىغا ئېغىر خىلاپ، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىنمۇ تامامەن چەتنەپ كەتكەن، شۇڭا، ئۇلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا ۋە قەتئىي كۈرەش قىلىشىغا ئۇچراۋاتىدۇ. شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، ئەنسىز ئىجتىمائىي مۇھىت شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىغا كاشىلا ۋە خەۋپ - خەتەرلا ئېلىپ كېلىدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئازاپ - ئوقۇبەت ۋە بالايىئاپەتلا ئېلىپ كېلىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق ۋە زىيانلا ئېلىپ كېلىدۇ.

مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەن شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرى توغرىسىدا بىر قانچە تەكلىپىم ۋە ئۈمىدىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن:

(1) ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى داۋاملىق ئېگىز كۆتىرىپ، «تۆتنى قوغداش» پرىنسىپىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى.

يولداش جياڭ زېمىن يېقىندا، مەركىزى پارتىيە مەكتىپىدە سۆز قىلىپ مۇنداق دىدى: «بايراق مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم، بايراق — يۆنىلىش دېمەكتۇر، بايراق ئوبراز دېمەكتۇر». سوتسىيالىستىك ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭى دەۋردە، بىز ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت بۈيۈك بايراقنى داۋاملىق ئېگىز كۆتىرىپ، «تۆتنى قوغداش» پرىنسىپىنى قەتئىي ئېغىشماي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەزەلدىن ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان بايراق، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقىنى ئاشۇرىدىغان ئىدىيىۋى ئاساس، شۇنداقلا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان قۇدرەتلىك كاپالەتتۇر. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئەزەلدىن ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىنى سۆيۈشتەك شەرەپلىك تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ۋەتەننى سۆيۈش، ئىمان جۈملىسىدىندۇر.» بۇ ھەدىستە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىمان يۈكسەكلىكىگە كۆتىرىلگەن. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى دەل مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىمىنى دەستۇر قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە تاقابىل تۇرۇش كۈرەشلىرىدە، شانلىق

تارىخىي سەھىپىلەرنى يازدى. ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭى تارىخىي شارائىتتا، مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن دىننى سۆيۈشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، «تۆتنى قوغداش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشنى ئۆلچەم قىلىپ، بىر ئۇچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ ۋە تاقابىل تۇرۇپ، بايرىقىمىز روشەن ھالدا ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇشىمىز، تەربىيىلىشىمىز ۋە يېتەكلىشىمىز، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلارنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغدىشىمىز لازىم. ۋەتەنپەرۋەرلىك بولسا بايراق، تۆتنى قوغداش بولسا توپ ھەرىكەت مىزانى، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش بولسا نىشاندۇر، شۇڭا چوقۇم بۇ ئۈچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خىزمىتىمىزنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

(2) ھۆكۈمەتنىڭ پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە، ئەستايىدىل ياردەملىشىپ، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى ئاكتىپ قوغداپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى تىرىشىپ يېتەكلەپ ۋە قوزغاپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى.

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە ئەمەلىيلەشتۈردى. بولۇپمۇ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان يېڭى دەۋردە، دۆلىتىمىزدىكى ئىسلام دىنىمۇ تارىختىكى ئالتۇن دەۋردە ياشاۋاتىدۇ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى دىنىي ئېتىقاد ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ، نورمال دىنىي پائالىيەتلەر سىياسەت ۋە قانۇننىڭ ھىمايىسىگە مۇيەسسەر بولۇۋاتىدۇ؛ شىنجاڭ رايونىدىلا ھازىر ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، يېڭىدىن ياسالغان ۋە ئېچىۋېتىلگەن مەسچىت 23 مىڭدىن ئارتۇق، ئاخۇن - ئىماملار 29 مىڭدىن ئارتۇق. يەنە خېلى زور كۆلەملىك شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى. شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ مۇشۇنداق تەرەققىياتلارغا ئېرىشەلىشى ئاسانغا توختىمىدى، بىز بۇنى ھەسسىلەپ قەدىرلىشىمىز كېرەك. بىز ھەم داۋاملىق تۇردە ھۆكۈمەتنىڭ پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ھەم توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ياردەمدە بولۇشىمىز، ھەم ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر بىلەن ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى تىرىشىپ قوغدىشىمىز لازىم. تۈرلۈك دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرگەندىلا، ئاندىن كەڭ مۇسۇلمانلارنى ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرغىلى، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ قوللىشىغا ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشكىلى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن مۇسۇلمانلار ئامىبىسىنى ئالاقىلاشتۇرىدىغان كۆۋرۈكلۈك رولىمىزنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرغىلى، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرگە قارشى كۈرەشنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچنە پەيدىنپەي بويسۇنۇش» ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى تىرىشىپ يېتەكلەپ ۋە قوزغاپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىككى

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشىمىز، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەقىل پاراستىنى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدىكى ئۇلۇغۋار ئىشلارغا ئىشلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكىنى ئۈچقاندەك راۋاجلاندۇرۇش ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

(3) دىنىي پائالىيەتلەرنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلايلى.

«ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ھاياتى كۈچى ئۇنىڭ پائالىيەتچانلىقىدا، ئۇيۇشۇش كۈچى ئۇنىڭ مۇلازىمەت قىلىشىدا، تۈرتكىلىك كۈچى ئۇنىڭ ئىتتىپاقچانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.» بۇ سۆز 1996 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، باش كاتىپلىرى بىرلەشمە يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەن بۇ يەردە بۇنى يەنىلا تەكىتلەپ ئۆتەي. ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئىسلام دىنى تەشكىلاتى. شۇڭا بۇ تەشكىلات نورمال دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈشنى ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ مۇھىم بىر خىزمەت مەزمۇنى ئورنىدا تۇتۇشى كېرەك. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، دىنى پائالىيەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىدا ئەمەلىي مەزمۇنلار بولۇش، شۇنداقلا يەنە ۋەتەنپەرۋەرلىك، «تۆتنى قوغداش» ۋە قانۇنچىلىق تەربىيىسى قاتارلىق تۈپ پرىنسىپلارمۇ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇش، بۇ ئارقىلىق، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيىلەش، يېتەكلەش مەقسىتىگە يېتىش كېرەك. شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، تەربىيە بېرىش شەكلىگە دىققەت قىلىش لازىم. كۆپ خىل جانلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، ئىتتىپاقلىق، يۇقىرى ئۆرلەش، يۈكسۈلۈشتىن ئىبارەت ئومۇمىي نىشان ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش كېرەك.

دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشتا، مەۋقەنى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشقا قويۇش، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەشنى كۆزلەش لازىم. ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنى تۇرمۇش جەھەتتىكى ئېھتىياجلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش، جايلاردىكى مەسچىتلەرنىڭ دېمۇكراتىك باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ياردەم بېرىش، تىرىشىپ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە مەسچىتلەرنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەمدە بولۇش لازىم. ئاممىنىڭ ۋەتەننى ۋە دىننى سۆيىدىغان، ئابرويلۇق، بىلىملىك، ئىتتىپاقلىققا ۋە تۆھپە قوشۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئاخۇن - ئىماملارنى تاللاپ دىنى ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىشىغا ياردەملىشىش كېرەك. دىنىي ئىشلارنى تىرىشچانلىق ۋە ئىقتىساتچانلىق بىلەن بېجىرىش، تۆي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم ئىشلىرىنى ئاددى ئۆتكۈزۈشتەك ياخشى كەيپىياتنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىش لازىم. شەرت - شارائىت يارىتىپ، تۈرلۈك شەكىلدىكى مۇسۇلمانلار ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇش كېرەك. ئامراتلارنى يۆلەش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، ئۇمىد قۇرۇلۇشى قاتارلىق دۆلەت ۋە خەلققە پايدىلىق بولغان، جەمئىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىش لازىم. ئاممىدىن كەلگەن خەت - چەك، ئەرزىيەت خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ تۇرۇش كېرەك. بۇ خىزمەتلەر ئارقىلىق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئىچىدىكى ئىناۋىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى

قىلدۇرۇش لازىم.

(4) ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئۇزۇن مۇددەت تېنچ بولۇشتەك سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغداپ، شىنجاڭنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلايلى.

ئىتتىپاقلىق - ئالغا سىلجىتىدىغان كۈچ، شۇنداقلا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسىي. 1996 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، باش كاتىپلىرى بىرلەشمە يىغىنىدا مۇنداق ئېنىق كۆرسىتىلگەن: «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، مەزھەپلەر ئىتتىپاقلىقىنى، مەزھەپلەرنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش - ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى، شۇنداقلا بۇندىن كېيىنكى خېلى ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇھىم خىزمەت ۋەزىپىسىدۇر.» ئىتتىپاقلىق، مۇقىم سىياسىي ۋەزىيەت بولمايدىكەن، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە خەلقنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ئىمكانىيەت بولمايدۇ، ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە تەرەققىياتىدىنمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. شىنجاڭنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى شۇنى تېخىمۇ تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، ۋەتەن بىرلىككە كەلگەن، مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت مۇقىم بولغان چاغ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تەرەققى تاپقان ۋە يۈكسەلگەن چاغ بولدى. ئەكسىچە، ۋەتەن پارچىلانغان، مىللىي زىددىيەت كەسكىنلەشكەن، جەمئىيەتتە داۋالغۇش بولغان چاغ بولسا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەرەققىياتى توختاپ قالغان، ھەر مىللەت خەلقى چوڭقۇر ئازاپ ئوقۇبەتتە قالغان چاغ بولدى. روشەنكى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۈپكى، ئالىي مەنپەئىتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھېسابلىنىدۇ. بىز ئەتراپلىق، توغرا بولغان ئىتتىپاقلىق كۆز قارىشىنى مۇستەھكەم تىكلىشىمىز كېرەك. دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. ئۇزۇندىن بۇيان، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، يۈكسىلىش بايرىقى ئاستىدا، ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشىپ، ئىناق ئۆتۈپ، ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى بىرلىكتە گۈللەندۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىدە، بىز دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشىمىز، «قۇرئان كەرىم» دىكى «دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر» (2 - سۈرە، 256 - ئايەت) ۋە «ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق» (49 - سۈرە، 13 - ئايەت) دېگەن تەلىماتقا بىنائەن، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋە ئوخشاش بولمىغان دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ئىخلاس بىلەن كۈچەيتىشىمىز كېرەك. بىز يەنە «قۇرئان كەرىم» دىكى «ھەممىڭلار ئاللانىڭ ئاغامچىسىغا (يەنى ئاللانىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار» (3 - سۈرە، 103 - ئايەت) » دېگەن تەلىماتقا ئەمەل قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ئىچىدىكى ھەمدە ئوخشاش بولمىغان مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز لازىم. دىققەت ئېتىبارىمىزنى ۋە ئاساسىي نۇقتىنى ئىتتىپاقلىشىپ يۈكسىلىشكە، ئىگىلىك تەرەققىياتىغا قارىتىشىمىز كېرەك. مەن ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىدىن ۋە ئىسلام دىنىي ساھەسىدىكى زاتلاردىن دائىم ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا بۇ جەھەتتىن تەشۋىقى - تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنى بۇ جەھەتكە يېتەكلىشنى، بۇ ئارقىلىق ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئىتتىپاقلىقنى ۋە

مۇقىملىقنى ئاڭلىق قوغدايدىغان، ھەمدە ئىتتىپاقلىق بىلەن مۇقىملىقنىڭ مۇھىملىقىنى ئوبدان بىلىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن؛ يەنە قۇرئان ۋە ھەدىستىكى ئالاقىدار تەلىملەرگە بىرلەشتۈرۈپ ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىش، دۆلەتنىڭ ئومۇملىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىش، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئىتتىپاقلىققا پايدىسىز بولغان، مۇقىملىققا پايدىسىز بولغان ۋەقەلەرنى قەتئىي تۈگىتىش ۋە بۇنداق ۋەقەنىڭ سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئومۇملۇقنى چىقىش قىلىپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات داۋامىدا كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىپ ۋە بۇ ئىشلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىتتىپاقلىققا ۋە مۇقىملىققا پايدىسىز بولغان ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن، مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە دۆلەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تىنچ ئامانلىقىنى قوغداش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىزمەتتە رەھبەرلىك بەنزىنىڭ ئىتتىپاقلىقنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش، ھەمدە بۇ خىزمەتنى ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى قاتتىق كۆرسەتكۈچ ئورنىدا چىڭ تۇتۇش كېرەك. كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىتتىپاقلىقنى توغرا تونۇش ۋە ئاڭلىق ئىزدىنىشتىن ئىبارەت پۇختا ئاساس ئۈستىگە تىكلەش لازىم. بىز، ئىسلام دىنىي ساھەسىدىكى كەڭ زاتلار ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى بىلەن كەڭ تۈردە ئىتتىپاقلىشىشىمىز ۋە ئۇلارغا تايىنىشىمىز، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلىك ئوڭشاش، زوراۋانلىق جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىش مەزمۇن قىلىنغان مەخسۇس كۈرىشىگە زور كۈچ بىلەن ھەمكارلىشىشىمىز ۋە مەدەت بېرىشىمىز، دىنى زاتلارنى ئوتتۇرىغا چىقىپ، بايرىقى روشەن ھالدا مەۋقەسىنى ئىپادىلەپ، كەڭ مۇسۇلمانلارغا تەربىيە بېرىش ۋە تەسىر كۆرسىتىشكە سەپەرۋەر قىلىشىمىز ۋە ئۇيۇشتۇرۇشىمىز، ئامما ئارىسىدىكى خاتا ئىدىيە ۋە مۇجمەل قاراشلارغا قارىتا، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا مەسىلىلەرنى يېشىپ، ھەق - ناھەقنى ئايرىپ بېرىشىمىز، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ ۋە تاقابىل تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداپ، شىنجاڭنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

(5) مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ساپاسى يۇقىرى بولغان دىنى خادىملار قوشۇنىنى بەرپا قىلايلى.

ئىسلام دىنى بىر خىل ئېتىقاد بولۇپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىر خىل مەدەنىيەت ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگونىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى بولسا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيىتىنىڭ ئورگانىك تەركىبى قىسمى. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى پۇختا بولغان ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ تۈرلۈك كىتابلىرى ۋە ئەقىدىلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەتقىق قىلىپ، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مىراسلىرىنى قىرىپ ۋە رەتلەپ چىقىپ، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت ساپاسى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنى ساغلام ھەم مول بولغان مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەش لازىم. مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت

مۇسۇلمانلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقانىدى، نۇرغۇن داڭلىق شەخسلەرمۇ مەيدانغا كەلگەنىدى، مەسىلەن، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇسۇلمان ئالىم مەخمۇت قەشقىرى، مەشھۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ، يۈەن دەۋرىدىكى ئاتاقلىق ئاگرانوم لۇمىڭشەن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق تارىخشۇناس موللا مۇسا سايرامى قاتارلىقلار. شۇنداقلا يەنە پۈتۈن جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن «دىۋان لوغەت تۈركى»، «قۇتاتقۇبىلىك»، «ماناس»، قاتارلىق دۇنياغا مەشھۇر ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا كەلدى. ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئىسلام دىنى زاتلىرىنى ئالاقىلاشتۇرۇپ ۋە تەشكىللەپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەدەنىيەتكە، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىدىغان شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇ جەھەتتە ئەسلىدىكى ئۇتۇقلار ئاساسىدا تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

نۆۋەتتە، ئىسلام مائارىپىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بىر تۈركۈم لاياقەتلىك، ئەسىر ھالقىيدىغان دىنى خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت. بۇ، جۇڭگو ئىسلام دىنىي ئىشلىرىنىڭ ۋە ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرىنىڭ كەلگۈسى قىياپىتىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. بىز شۇنىڭدىن خۇشالمىزكى، مەركەزمۇ شىنجاڭ ئىسلام مائارىپى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۈرۈمچى ۋە قەشقەردە بىردىن دىنىي مەكتەپ ئېچىشقا مەخسۇس پۇل ئاجراتتى. شۇڭا بىز شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى ۋە دىنىي مەكتەپلەرنىڭ خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك، كەسىپ جەھەتتە پىشقان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇپ چىقىشىمىز، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ «دىنىي ئىنستىتۇت ـ مەكتەپلەر خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى پىكرى» نى ئىخلاس بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، توغرا بولغان مەكتەپ باشقۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، دىنىي ئىنستىتۇت مەكتەپلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز، شىنجاڭنىڭ ئىسلام مائارىپىنى نورمال راۋاجلاندۇرۇش ئىزىغا چۈشۈرۈشكە تىرىشىشىمىز، دىنىي ئىنستىتۇت ـ مەكتەپلەر ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي خىزمەت تارماقلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىز، دىنىي مەكتەپلەرنى ھەقىقىي يۇسۇندا لاياقەتلىك ئىسلام دىنى خادىملىرىنى تەربىيەلەيدىغان ۋە يېتىشتۈرىدىغان بازا قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم.

شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، ۋەتىنىمىز كۈنسايىن گۈللەپ ياشناپ قۇدرەت تاپىدۇ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، ئىگىلىكنىڭ روناق تېپىشى كىشىلەر قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە ئۈمىد قىلىۋاتقان ۋەتىنىمىزنى تېنچلىق يولى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشلىرى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك روناق تېپىشىدەك گۈزەل مەنزىرە تېخىمۇ پارلاق نۇر چاچقۇسى!

21 ـ ئەسىرگە قەدەم تاشلاش ھارپىسىدا، دۆلىتىمىز ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىدە تۇرۇۋاتىدۇ. پارتىيىنىڭ 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى دۆلىتىمىز ئۈچۈن «9 ـ بەشيىللىق پىلان» ۋە 2010 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلدىكى ئىگىلىك ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتلارنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزۈپ بەردى. شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ

# ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

لىيۇ يەنچىڭ

(1997 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى)

دوستلار، يولداشلار:

ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك 2 - قېتىملىق دائىمىي ئەزالار يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 5 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھى چوڭقۇر ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈۋاتقان، ئۇقتىلىق رايونلاردا مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش، تۈزەش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش مەخسۇس كۈرىشىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەھۋالدا ئېچىلدى. يىغىن 5 كۈن ئېچىلدى، بۈگۈن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىن پارتىيىنىڭ دىنى سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك توغرا ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاپتونوم رايونىنىڭ ۋەزىيىتىنى توغرا تونۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنى ھەرىكەتنىڭ نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان مۇھىم خەۋپ ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇۋېلىش، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنى زاتلارنى ۋە كەڭ مۇسۇلمان ئاممىنى قاتتىق زەربە بېرىش، تۈزەش ۋە تەرتىپكە سېلىش مەخسۇس كۈرىشىگە پائال ئاتلىنىشقا يەنىمۇ سەپەرۋەر قىلىش، بايرىقى روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىگە ۋەكالىتەن ئۆزۈن مۇساپىنى بېسىپ كېلىپ يىغىنغا قاتناشقان جۇڭگو زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئالغا بېسىش نىشانىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، پۇرسەت بىلەن خىرىس تەڭ مەۋجۇت بولۇۋاتقان تارىخىي يېڭى دەۋردە، شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ۋە كەڭ ئىسلام دىنىي ساھەسىدىكى زاتلار كۆپچىلىكنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدۇ، شۇنداقلا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۈڭۈل بۆلۈشى ۋە مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، شىنجاڭ ئىسلام دىنىي خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئەلا خىزمەت نەتىجىسى بىلەن پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى كۈتۈۋالىدۇ!

ئاخىرىدا، ئاللاتائالادىن بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا مەدەت تىلەيمەن! رەھمەت سىلەرگە.

ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش ۋەن ياۋبىڭگە، شەمشىدىنگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. يىغىنغا قاتناشقان دوستلاردىن، يولداشلاردىن ھەم سىلەر ئارقىلىق پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن!

بۇ قېتىمقى يىغىندا، جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋەن ياۋبىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇشېڭتاۋ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ ئەيسالار مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىندا كۆپچىلىك يەنە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىمام ھەسەن بەرگەن ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ۋە ج خ نازارىتى رەھبىرىنىڭ زوراۋانلىققا، تېرورلۇققا زەربە بېرىش كۈرىشى ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشىنى ئاڭلىدى، «شىنجاڭنىڭ زوراۋانلىق، تېرورلۇق جىنايى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش دېلوسى كۆرگەزمىسى»نى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، «دىن ئوقۇتۇش سىنىپ (نۇقتا) لىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى»نى مۇزاكىرە قىلدى. كۆپچىلىك ئەستايىدىل ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، تونۇشنى ئۆستۈردى، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈردى، ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇردى. يىغىن ئالدىن كۆزلىگەن مەخسەتكە يېتىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مىللەت - دىن خىزمىتىگە ئەزەلدىن ئەھمىيەت بەردى، كەڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنى زاتلارغا ۋە مۇسۇلمان ئاممىغا كۆڭۈل بۆلدى، ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىگە كۆڭۈل بولدى ۋە قوللىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ ۋاقىت ئاجرىتىپ يىغىنغا كېلىپ كۆپچىلىكنى يوقلىدى ۋە كۆپچىلىك بىلەن خاتىرە ئۈچۈن رەسىمگە چۈشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەھبەرلىرىدىن ماسۇنلياڭ، ئىبراھىم روزى قاتارلىق يولداشلارمۇ يىغىنغا كېلىپ كۆپچىلىكنى يوقلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى چىڭ گوشۇ، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى راخمان مەسۇم قاتارلىق يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى. مۇئاۋىن شۇجى جۇشېڭتاۋ ۋە مۇئاۋىن رەئىس يۈسۈپ ئەيسا يىغىن ئېچىلىشتىن ئىلگىرى يىغىننى ياخشى ئېچىش توغرىسىدا كۆپ قېتىم كونكرېت يوليورۇق بەردى ھەم يىغىنغا قاتنىشىپ مۇھىم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككى رەھبىرى ۋە مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى ۋەن ياۋبىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ بۇندىن كېيىن خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇشى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كەڭ دىنى زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلىشى، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى بۇنى چوڭقۇر ئۆگىنىشى، تەشۋىق قىلىشى ۋە ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

تۆۋەندە بىر نەچچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

1. مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنى ھەرىكەت نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ، دېگەن ئىدىيىسىنى پۇختا تىكلەش لازىم.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدە: «نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى. بۇ يەكۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا تامامەن ئۇيغۇن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا بىر قاتار ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسى، پارتىلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى يۈز بەردى ۋە ئايرىم جايلاردا جەمئىيەت ئامانلىقى نورمال بولماسلىق ھالەتلىرى كۆرۈلدى، بۇنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان بولۇپ، ئۇچىغا چىققان دىنىي كۈچلەر بىلەن باغلىنىشلىق. خەلقئارادىكى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى رېئال ئەھۋاللار شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارشى تۇرۇش، سوتسىيالىستىك خەلق ھاكىمىيىتىنــى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاق، تىنچ ۋە بەختلىك تۇرمۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇلار ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىققا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى، نورمال دىنىي پائالىيەتكىمۇ دەخلى يەتكۈزدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرمىساق، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مەنبەسىنى ئۈزۈل - كېسىل يوقاتقىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە ئۆلتۈرگەن دوستلارنىڭ بەزىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، يەنە بەزىلەر مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى ۋە جايلاردىكى ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ رەھبىرى بولۇپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ساھەدىكىلەرگە ۋەكىللىك قىلىپ سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، دۆلەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. كۆپچىلىكنىڭ ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ دېگەن ئىدىيىنى پۇختا تىكلەپ، كەڭ دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەپ، - مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت بىلەن مۇرەسسە قىلماستىن قەتئىي كۈرەش قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

2. پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشىغا پائال ھەمكارلىشىش كېرەك.

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش پارتىيىنىڭ دىنىي مەسىلىگە قاراتقان تۈپ سىياسىتى. ھەربىر پۇقرانىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بار، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بار، لېكىن، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى دىن ئەركىنلىكى ئەمەس، دىن ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ، دىن دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى، قانۇن يول قويغان دائىرە ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى كېرەك. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنى 23 مىڭدىن، ئىمامدىن يۇقىرى دىنىي زاتلار 29 مىڭدىن ئارتۇق، مۇشۇنداق كۆپ دىنىي پائالىيەت سورۇنىنى ياخشى باشقۇرۇش، مۇشۇنداق كۆپ دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى ياخشى تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئاددىي ئىش ئەمەس، نۇرغۇن جاپالىق ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. بىز چوقۇم «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» بويىچە دىنــى پائالــيەت سورۇنلىرىنى، دىنىي پائالىيەتلەرنى، دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ،

دىنى ئىشلارنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇشىمىز ، تۈزۈملەشتۈرۈشىمىز لازىم. ئۆزۈندىن بۇيان پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن پائال ھەمكارلىشىپ، مەلۇم تۆھپە ياراتقان ۋەتەنپەرۋەر دىنى زاتلارنى چوقۇم قوللىشىمىز ۋە قوغدىشىمىز كېرەك. دىنى ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان، ئەمما، ۋەتەننى سۆيمەيدىغان، سوتسىيالىزمنى، كوممۇنىستىك پارتىيىنى ھىمايە قىلمايدىغان، ھەتتا دىنى جەھەتتە چېكىدىن ئاشقان ئىدىيىنى تارقىتىدىغان، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان كىشىلەرنى قەتئىي ئالماشتۇرۇۋېتىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىرىنى قەتئىي جازالاش، ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى ئىگىلىۋېلىشىغا قەتئىي يول قويماسلىق كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ «ئىسلام دىنىنىڭ ياش، ۋەتەنپەرۋەر دىنى ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكرى» (ش پ ب [1996] 10 - نومۇرلۇق ) نىڭ روھى بويىچە، ياش دىنى ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ [1996] 18 - نومۇرلۇق ھۆججىتى «يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش نۇقتىلىرى ۋە ئۇنىڭدا ئوقۇۋاتقان تالىپلارنى مەخسۇس تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى لايىھىسى» نىڭ روھى بويىچە، يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش سىنىپ (نۇقتا) لىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، يەر ئاستى تالىپلىرىنى ئېنىقلاش، تىزىملاش ۋە باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ قانۇنسىز دىنى ھەرىكەتنىڭ دائىرىسىنى بېكىتىش توغرىسىدىكى ھۆججىتىنىڭ بەلگىلىمىسىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىشى ۋە قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ھۆكۈمەتنىڭ دىنى ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشىغا پائال ھەمكارلىشىپ، كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى قانۇن بويىچە نورمال پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش، قانۇنسىز دىنى ھەرىكەتلەرنى قەتئىي چەكلەش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىشكە يېتەكلىشى كېرەك.

3. دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش كېرەك.

پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتىكى مەقسەت دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلەشتىن ئىبارەت. بۇ خىل ئۇيغۇنلاشتۇرۇش دىن مۇرتلىرىدىن دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلىش بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتە ۋەتەننى قىزغىن سۆيىشىنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈم ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىشىنى دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇن - بەلگىلىملىرىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىشىنى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان كونا قائىدە - يوسۇن ۋە يامان ئادەتلەرنى ئاڭلىق ئىسلاھ قىلىشىنى، دىنىي ئەقىدە، دىنىي قائىدە ۋە دىنىي ئەدەب - ئەخلاقتىكى پايدىلىق ئامىللاردىن پايدىلىنىپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى، كەڭ دىنىي زاتلار ۋە كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ ئىرادىسى ۋە كۈچىنى زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشتۇر. كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلەش ۋە سەپەرۋەر قىلىش ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ بىر تۈرلۈك ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپىسى، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك

ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، تەدبىر تۈزۈپ خىزمەتلەرنى پائال ياخشى ئىشلەپ، بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ ئورۇنلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

4. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلام دىنى ساھەسى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەسىرى چوڭ دىنىي تەشكىلات بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھەر مىللەت ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلايدىغان كۆۋرۈك. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى ھۆكۈمەتكە ھەمكارلىشىپ، پارتىيىنىڭ دىنى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش؛ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنى قانۇن سىياسەت كۆز قارىشىنى كۈچەيتىشكە، قانۇن بويىچە نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە يېتەكلەش؛ ھۆكۈمەتكە ھەمكارلىشىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى، دىنىي پائالىيەت ۋە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، شۇنداقلا ياش دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى يېتىشتۈرۈش؛ كەڭ دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا بايرىقى روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش تەربىيىسى بېرىش؛ پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، دىنى ئىشلارنى قانۇن بويىچە بېجىرىش، مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق — مەنپەئەتىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە پائال تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇندىن كېيىن نەتىجىلەرنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇش، خىزمەتلەرنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش، ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئامما بىلەن ئالاقىلىشىدىغان كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىق رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ مۇھىم خىزمەت مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بىرى. تۈرلۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا قارىتا پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىگە دائىر تەشۋىقات تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا چۈشىنىدىغان، يۇقىرىلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بارلىقىنى؛ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدىغانلىقىنى؛ باشقىلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا مەجبۇرلاشنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان قىلىش كېرەك. دىنىي پائالىيەت چوقۇم دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى، قانۇن، بەلگىلىمە يول قويغان دائىرە ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك، ئۇنىڭ مەمۇرى، ئەدلىيە، مائارىپ، نىكاھ، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىقلارغا ئارىلىشىۋېلىشىغا بولمايدۇ. كەڭ، چوڭقۇر تەشۋىقات تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، كەڭ دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي پائالىيەتلەردە قانۇننى بىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئارىسىدا قانۇننىڭ ئىززەت — ھۆرمىتىنى قوغداش، خەلق مەنپەئەتىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى

ئۆزلىرىدىكى ئەۋزەللىكلەرنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن، بەلگىلىمىلىرى ئارقىلىق دىنىي زاتلارنى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى تەربىيىلىشى، ئۇلارنىڭ ھەق — ناھەقنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتىرىشى، ئۇلارغا نېمىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت، نېمىنىڭ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىش، قانۇن بويىچە نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى قەتئىي توسۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئاڭلىق قوغداش، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا زىيان يەتكۈزۈدىغان قانۇنغا خىلاپ بارلىق جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىش تەربىيىسى بېرىشى كېرەك.

كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلەش كېرەك. ئۇزۇندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشىغا ھەمكارلىشىش ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى، بۇندىن كېيىن، يەنىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، تېخىمۇ چوڭ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 60 ناھىيە (شەھەر) دە ئىسلام دىنى جەمئىيىتى قۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىشى، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشى، يېڭى ۋەزىيەتتە ئىسلام دىنى جەمئىيىتى دۇچ كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشى ۋە تەھلىل قىلىشى، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى ھەمكارلىشىپ ياخشىلاپ، ئۇلارنى يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە تېخىمۇ ياخشى ماسلاشتۇرۇشى، رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلىشى كېرەك.

ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيىلەش خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇش بىر تۇرلۇك ئۇزاق مۇددەتلىك ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە. ئۇ دىنىي ئىشلار ۋە دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ كەلگۈسى قىياپىتىگە، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش تەرەققىيات يۆنىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بۇ خىزمەتكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، 1996 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ «ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكرى» نى تەستىقلاپ تارقاتتى. ئۇنى ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئاچقان دىن ئوقۇتۇش سىنىپ (نۇقتا) لىرى خىزمىتىنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇپ، ياش دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ۋە دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇپ، ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ياخشى ئىجتىمائىي ئوبرازىنى تىكلەپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش لازىم. ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، ئىسلام دىنى جەمئىيىتى تەشكىلىي كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى تىرىشىپ يۇقىرى

كۆتىرىپ، ئىسلام دىنى جەمئىيىتى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشى كېرەك. ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ كادىرلىرى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، باش شۇجى جياڭ زېمىنىنىڭ «سىياسىغا ئەھمىيەت بېرىش، ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھى بويىچە ئۆزىگە تەلەپ قويىشى، ئۆزىنىڭ كارامەت خىزمەتلىرى ۋە نەمۇنىلىك ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق، ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئۇيۇشۇشچانلىقىنى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىشچانلىقلىقىنى كۈچەيتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئىسلام دىنى ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتلار بولۇپ، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇش ئۇلارنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، «تۆتنى قوغداش» ۋە قانۇن — تۈزۈم تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدىغان، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان بىر قەدەر يۇقىرى دىنىي بىلىمگە ئىگە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى ياخشى ئېلىپ بېرىشى، ئاپتونوم رايون قانات يايدۇرغان نۇقتىلىق رايونلاردا جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەرتىپكە سېلىش، تۈزەش، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش مەخسۇس كۈرىشىگە ماسلىشىپ ۋە ئۇنى قوللاپ، كەڭ دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى بايرىقى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە ئۇچىغا چىققان دىنىي كۈچلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىشى ۋە تەشكىللىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك بىرلىكسەپ، مىللەت - دىن خىزمىتى تارماقلىرى ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمىتىگە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارنىڭ ئورگانلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىگە، خادىملارنى تولۇقلىشىغا، ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشى، زۆرۈر بولغان خىزمەت شارائىتى يارىتىپ بېرىپ، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى رول ئوينايدىغان قىلىشى كېرەك.

يولداشلار، دوستلار:

ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالار يىغىنى بىر قېتىملىق مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن بولدى، بۇ يىغىن ئاپتونوم رايونىمىز ئىسلام دىنى ساھەسىدە مۇھىم تەسىر پەيدا قىلغۇسى. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى ۋە يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ، دوستلارنىڭ يىغىننىڭ روھىنى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرگە ياخشى دوكلات قىلىشنى، يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى، كەڭ دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاشقا پائال يېتەكلىشىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى، سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتىرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

يولداشلارنىڭ، دوستلارنىڭ تېنىگە سالامەتلىك تىلەيمەن!

كۆپچىلىككە رەھمەت!

# ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

راخمان مەسۇم

(1997 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى)

دائىمىي ئەزالار، دوستلار، يولداشلار:

پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قويىنىغا ئۇچۇشلۇق قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۈتىۋالغان، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتىۋېلىۋاتقان پەيتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىرلىكتە پۇختا تەييارلىق قىلىشى، يىغىنغا قاتناشقان دائىمىي ئەزالار، دوستلار، يولداشلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - قېتىملىق يىغىنى ئالدىن مۆلچەرلەنگەن ئىشلارنى ئورۇنلاپ، بۈگۈن ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرىدۇ. مەن ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىغا ۋەكالىتەن يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ھەم ئۆزۈن مۇساپىنى بېسىپ شىنجاڭغا كېلىپ يىغىنغا يېتەكچىلىك قىلغان جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋەن ياۋبىڭغا، شەمشىدىنگە سەممىمىي رەھمەت ئېيتىمەن!

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىنىڭ ۋەزىيىتى ياخشى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىگە باشلامچى بولۇپ، نۇرغۇن جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلارغا قاتلاممۇ - قاتلام خىزمەت ئەترىتى ئەۋەتىلىپ، شەھەر، يېزىلاردا مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش، تۈزەش خىزمىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى، ھەر مىللەت ئاممىسىغا ۋەزىيەتنى چۈشەندۇرۇش، سىياسەت سۆزلەش، قانۇن - تۈزۈملەرنى تەشۋىق قىلىش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، بولۇپمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنى ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى فاڭجېن، سىياسەت ۋە ۋەزىپىلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، پارتىيىنىڭ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاساسىي مەقسىدىنى داغ دۇغىلىق تەشۋىق قىلىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى تەشۋىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. «زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش دېلوسى كۆرگەزمىسى» ۋە ئەمەلىي قانلىق پاكىتلار ئارقىلىق، دۈشمەننىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى ۋە قەبىھ خاراكتېرى ئېچىپ تاشلاندى، دۈشمەنلەرنىڭ تارقاتقان ھەر خىل پىتنە - پاساتلىرى ئاشكارىلاندى. ئامما تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈلگەچكە، مىللىي بۆلگۈچىلەر، ئۇچىغا چىققان دىنى

كۆچلەر قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى، قانۇنسىز دىنى ھەرىكەتلەر ئۇنۇملۇك توسۇپ قېلىندى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى خوشاللىققا چۆمۈپ، ناھايىتى ئاز ساندىكى يامان كىشىلەر ئالاقزادە بولۇشتەك ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش، تۈزەش قارارى پۈتۈنلەي توغرا بولۇپ، خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقتى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى قوغدالدى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز شىياڭگاڭنى ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىش مەزگىلىدە، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشتۇق.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دىن خىزمىتىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا، ۋەتەنپەرۋەر كەڭ دىنى زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بايرىقىمىز روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، ئۇچىغا چىققان دىنى كۈچلەرگە ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇپ، بارلىق قانۇنسىز دىنى ھەرىكەتلەرنى قەتئىي چەكلەپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ئۈچۈن پائال تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق. ھەر دەرىجىلىك ۋەتەنپەرۋەر دىنى تەشكىلاتلار ۋە دىنى ساھەدىكى زاتلار دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن پائال ئالاقە باغلاپ ھەم ئۇلارنى تەربىيىلەپ، بولۇپمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتى ۋە شىياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ، تۈرلۈك چارىلەرنى قوللىنىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا ۋەتەننى سۆيۈش تەربىيىسى ۋە دىننى سۆيۈش تەربىيىسى، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، كەڭ ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھەق - ناھەقنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئۇچىغا چىققان دىنى كۈچلەرنىڭ تەسىرىنى ئاڭلىق توسۇش، قانۇنسىز دىنى ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ناھايىتى يۇقىرى سىياسىي ئاڭلىقلىقنى نامايەن قىلدى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەن يىغىندىكى ھەر قايسى ۋەكىللەرگە ھەم سىلەر ئارقىلىق پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى دوستلارغا چىن كۆڭلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

بۇ قېتىمقى يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇشېڭتاۋ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ ئەيسا، مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋەن ياۋبىڭلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇھىم سۆز قىلدى، كۆپچىلىك يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، مۇزاكىرە قىلىشى، قايتىپ بارغاندىن كېيىن يىغىننىڭ روھىنى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرگە ياخشى دوكلاد قىلىشى، ياخشى يەتكۈزۈشى، ئىزچىل ئىجرا قىلىشى لازىم. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەن دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى سۆزلەپ ئۆتىمەن. باش شۇجى جياڭ زېمىن دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش بولسۇن، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش بولسۇن مەخسەت دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلەشتىن ئىبارەت، دەپ كۆرسەتتى. بۇ دىن خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى

ۋە ئاخىرقى نۇقتىسى. ھەر قانداق جەمئىيەت، ھەر قانداق دۆلەتتە دىننىڭ جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىش مەسىلىسى مەۋجۇت، ئەگەر ئۇيغۇنلاشمىسا، زىددىيەت يۈز بېرىدۇ. دۆلىتىمىزدە دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ خۇدا كۆيلۇق ئىدىيىسى ۋە دىنى ئېتىقاتىدىن ۋاز كېچىشىنى تەلەپ قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن سىياسىي جەھەتتە ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىش، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا پائال قاتنىشىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى تىرىشىپ قوغداش تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەر قانداق كىشىنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە، مائارىپ، نىكاھ، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىزمغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان دىنى تۈزۈم، دىنى ئەقىدىلەرنى ئىسلاھ قىلىپ، دىنى ئەقىدىلەردىن پايدىلىنىپ، دىنى قائىدە ۋە دىنى ئەخلاقتىكى ئاكتىپ ئامىللارنى سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. قىسقىسى، دىن سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى، قانۇن - نىزاملىرىغا ۋە پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە بويسۇنۇشى لازىم. قانۇن دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ، ئەمما دىن قانۇن يول قويغان دائىرە ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشى، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى بويىچە ئىش كۆرۈشى، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا، قانۇن - نىزاملىرىغا ۋە پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە خىلاپ بولماسلىقى كېرەك.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت دۆلىتىمىزنىڭ دىنى مەسىلىسىنى جۇڭگوچە ھەل قىلىشقا دائىر بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە پائال نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئىسلام دىنىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، دۆلىتىمىزدە ۋەتەنپەرۋەر دىنى تەشكىلات قۇرۇلۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش ئېنىق جاكالاندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىل ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇردى، ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ دىنى ساھەدىكى زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى كۈرەشكە پائال قاتناشتى؛ تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىسلاھاتقا بىرلەشتۈرۈپ، دىنى فېئوداللىق ئىمتىياز ۋە ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمى تەدرىجى بىكار قىلىنىپ، دىن بىلەن دۆلەت ھاكىمىيىتى، ئەدلىيە، مائارىپ قاتارلىق ئىشلار ئايرىۋېتىلدى، بۇنىڭ بىلەن دىندا سىياسىي جەھەتتە تۈپ ئۆزگىرىش بولدى، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش يولىغا پۇختا قەدەم تاشلاندى، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم مەزگىلىدىكى دىنى مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاساس سېلىندى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، دىنى ساھەدىكى زاتلار ۋە كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلار سوتسىيالىستىك ماددى مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى. دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە يېڭى سەھىپە ئېچىلدى. تارىخ ۋە رېئاللىق بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش پۇختا سىياسىي ئاساسقا ۋە كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە. ھەر مىللەت خەلقى شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىكى، پەقەت سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتۇلدۇرالايدۇ، پەقەت سوتسىيالىزملا جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ، ھازىرقى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى. ئورتاق كۆرەش نىشانى - بىزدىن بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن بىرلىكتە ئورتاق كۆرەش قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، پارتىيىنىڭ دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلەش توغرىسىدىكى ئاساسىي فاڭجېن ۋە تۈپ سىياسىتى دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ چىن قەلبىدىن ھېمايە قىلىشىغا ۋە پائال ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى. بۇ شۇنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش دىننىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى بىردىن بىر توغرا تاللىشى بولۇپ، ئۇ دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئورتاق يۈرەك ساداسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

1. دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەشتە ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ؛ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە ئۇچىغا چىققان دىنىي كۈچلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش كېرەك.

ۋەتەنپەرۋەرلىك - جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ جاپا - مۇشەققەت، خېيىم - خەتەرلەرنى يېڭىپ ئۈزلۈكسىز گۈللىنىپ، بېيىپ قۇدرەت تېپىشىدىكى زور مەنىۋى كۈچ. ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇلۇغ تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈش - دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئىسلام دىنىنى ئېلىپ ئېيتساق، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېلىمىزنىڭ تارىخى تەرەققىيات جەريانىغا سىڭگەن، ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنىڭ مىزانىغا ئايلاندى. دىننى سۆيىدىغان كىشى ئالدى بىلەن ۋەتەننى سۆيىدىغان بولۇشى لازىم. ۋەتەننى سۆيۈش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۆزگىچە خاس مىللىي غۇرۇرى. مىللەتلەرنىڭ ئۇقۇمۇشلۇق، ئىرادىلىك زاتلىرى، جۈملىدىن ۋەتەنپەرۋەر دىنىي داھىلار ئەزەلدىن مىللىي غۇرۇرنى ساقلاشنى جېنىدىنمۇ ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىپ قەدىرلەپ كەلگەن. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان دىنىدا ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن دىننى سۆيۈش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن تارىخى ئەنئەنە ئۈزۈلمەي كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېڭى تارىخى شارائىتتا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى تەربىيىلەپ يېتەكلەشكە تېخىمۇ كۈچ سەرپ قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن دىننى سۆيۈشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، دۆلىتىمىزنى باي، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا ئورتاق تىرىشىشىمىز كېرەك.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممما ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ كەلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلدى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلدى، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىرگە، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر

ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، پائال تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ۋە كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىز ئىتتىپاقلىشىدىغان ۋە تايىنىدىغان مۇھىم كۈچ. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە ئۇچىغا چىققان دىنىي كۈچلەر زوراۋانلىق، تېرورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، تىغ ئۇچىنى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا ۋە كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا قاراتتى. ئۇلار ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئارقىلىق دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئالدىدى ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلدى، ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا تەلۋىلەرچە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارنى ھاقارەتلىدى ۋە زەخىملەندۇردى، دىنىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى، شۇ ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، ئاتالمىش ئىسلام پادىشاھلىق دۆلىتى قۇرماقچى بولدى. بۇ ئۇلارنىڭ خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىشتەك ئەكسىيەتچىل مەيدانىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەردى.

ھازىرقى دەۋردە، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇشتا، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى قەتئىي ھىمايە قىلىش، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىش لازىم. كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىسا، يېڭى جۇڭگو بولمايتتى، جۇڭگونىڭ تارىخى ۋە ئەمەلىيىتى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدىن تەۋرىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۇرۇپ بەردى، پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيىلا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە سادىقلىق بىلەن ۋەكىللىك قىلالايدۇ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى ئورتاق گۈللىنىش، قۇدرەت تېپىش يولىغا باشلىيالايدۇ. سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتۇلدۇرالايدۇ، جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ. بۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىزدىنىش ئارقىلىق چىقارغان تارىخى تاللىۋېلىشىدۇر. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگو بولمىسا، ھەقىقىي دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيە - پرولېتارىياتنىڭ سىياسىي پارتىيىسى، ئۇ كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا ھەقىقىي ھۆرمەت قىلىدۇ. بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى تەربىيىلەش، كلاسسىك دىنىي كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلدۇرۇش، شۇنداقلا ھەج پائالىيىتىنى تەشكىللەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇ پاكىتلار ھەممىگە ئايان، ھەتتا بۇنى خەلقئارا ئىسلام دىنىي جەمئىيەتلىرىمۇ ماختىدى، ئەمما مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار پاكىتلارغا قايىل بولماي، تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ، «دىن دېگەن دىن، سوتسىيالىزم دېگەن سوتسىيالىزم، ئىككىسىنى ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ»، «دىن بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ ئۇيغۇنلىشىدىغان يېرى يوق» دەپ جۆلىدى. ئۇلار كومپارتىيىگە، خەلق ھاكىمىيىتىگە ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە قارشى ئەكسىيەتچىل پىتنە - ئىغۋالارنى ئويدۇرۇپ چىقاردى ۋە تارقاتتى، ھەتتا ئۇلار «جەمئىيەتنى ئىسلام دىنى قانۇنى بويىچە باشقۇرۇش لازىم» دەپ جار سالدى، بۇنىڭ ماھىيىتى دىن ئارقىلىق ئاممىنى ئازدۇرۇش، دىنىي جەھەتتە چېكىدىن

ئاشقان ئىدىيىنى تارقىتىش، دىنى ئەسەبىلىكنى قوزغىتىش، دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، «غازات» ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنى تەرغىپ قىلىش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە، سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئاتالمىش «ئىسلام پادىشاھلىق دۆلىتى» قۇرۇپ، شىنجاڭنى ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىدىن ئايرىپ چىقىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە ئۇچىغا چىققان دىنى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش مىللىي مەسىلىمۇ ئەمەس، دىنى مەسىلىمۇ ئەمەس، بەلكى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش - قوغدىماسلىق، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرلىقىدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قوغداش - قوغدىماسلىق، سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش - تۇرماسلىق، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش - تۇرماسلىقتىن ئىبارەت، سىنىپىي كۈرەش مەسىلىسىدۇر. بىز چوقۇم دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى يەنىمۇ تەربىيىلەپ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە ئۇچىغا چىققان دىنى كۈچلەرنىڭ مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىنى، ئىسلام دىنى ساھەسىنىڭ مەنپەئەتىگىمۇ ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇتۇشىمىز لازىم. ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىي تەشەببۇسى ۋە تۇرلۇك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى، ئۇ كەڭ مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىرادىسى ۋە تۈپ مەنپەئەتىگە خىلاپ، شۇڭا، ئۇلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى چوقۇم ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشى، ئاڭلىق ھالدا ئۇلار بىلەن بولغان چەك - چېگرىنى ئېنىق ئايرىشى ھەمدە ئۇلارغا قارشى مەردانىلىق بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىشى كېرەك.

ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش كېرەك. كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزدە، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا: ھەر بىر پۇقرانىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار، - دەپ بەلگىلەنگەن. دىنىي ساھەدىكى دوستلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئامما ئوتتۇرىسىدىكى، ئوخشاش بولمىغان دىنلار ئوتتۇرىسىدىكى، بىر دىندىكى ئوخشاش بولمىغان مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مەسئۇلىيىتى بار. مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە ئۇچىغا چىققان دىنى كۈچلەر ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، ئىسلام پادىشاھلىق دۆلىتى قۇرۇش ئەكسىيەتچىل مەقسىتىدە، «ھەقىقىي مۇسۇلمان مەسچىتكە كىرىپ ناماز ئوقۇشى، قۇرئان ئوقۇشى كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ ‹كاپىر› بولغان بولىدۇ، مەسچىتكە كىرىپ ناماز ئوقۇمىغانلار بىلەن كۆرۈشمەسلىك، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرمەسلىك، ئۇلارنىڭ تامىقىنى يېمەسلىك، ئۇلار ئۆلسە نامىزىنى چۈشۈرمەسلىك، ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى قىلماسلىق كېرەك»، دەپ كۈچىنىڭ بېرىچە جار سالدى. يەنە «پاك ئىسلام دىنىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ۋە ساختا ئېتىقادچىلارغا ‹بىدئەتچىلەر›، ھەر ۋاقىت قارشى ‹غازات› قىلىش كېرەك» دەپ جۆيلىدى، مۇشۇنداق قىلىش «ھەقىقىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى» دەپ قارىدى. ئۇلار ئەكسىيەتچىل پىتنە - ئىغۋالار ئارقىلىق بىر دىندىكى ئوخشاش بولمىغان مەزھەپلەرگە ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا

بۇزغۇنچىلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بىر مىللەت ئىچىدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىا بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىا ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. دېمەك، ئۇلارنىڭ نىيىتى ناھايىتى قەبىھ، بىز ئاممىغا ئىلگىرىكىدەكلا پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياستىنى ئومۇمىيۈزلۈك توغرا تەشۋىق قىلىپ، كەڭ ئاممىغا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياستىنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشەندۈرۈشىمىز لازىم. يەنى پۇقرادا دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ؛ بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، ئۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ؛ بۇرۇن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنىڭ ھازىر دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ؛ بۇرۇن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ ھازىر دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ: بىر دىن ئىچىدە بۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ ئۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ؛ دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئەركىنلىكىمۇ، دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك. پۇقرالارنىڭ بۇ ئەركىنلىك ھوقۇقى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. ھەر قانداق شەخس، ھەر قانداق تەشكىلاتنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىشىغا بولمايدۇ. ھەر مىللەت ئاممىسىغا دۆلىتىمىزدە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىا بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرقى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئورتاق سىياسىي ئاساسىي ئىكەنلىكىنى، «سىياسىي جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش، ئېتىقاد جەھەتتە ئۆز ئارا ھۆرمەتلەش» پارتىيىمىزنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى بىر تۈرلۈك تۈپ پرىنسىپى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش كېرەك. ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە سىڭدۈرۈشتە، ئىشنى ئۆزىدىن باشلاپ، كىچىك ئىشتىن باشلاپ، مەردانىلىق بىلەن بايرىقى روشەن ھالدا دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارغا زەربە بېرىدىغان، ئۇلارنى ھاقارەتلەيدىغان، پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگە دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان سۆز - ھەرىكەتلەرگە قارشى تىغمۇ - تىغ كۆرەش قىلىش كېرەك.

2. دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەشتە، دىنىي ئىشلارنى چوقۇم قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك.

باش شۇجى جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دىنىي مەسىلىدە ئۈچ جۈملە سۆزنى تەكىتلەش كېرەك: بىرىنچى، پارتىيىنىڭ دىن سىياستىنى ئومۇمىيۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك، ئىككىنچى، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك، ئۈچىنچى، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش كېرەك. زۇڭلى لى پىڭ 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - قېتىملىق يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتىدىمۇ بۇ ئۈچ جۈملە سۆزنى تەكىتلىدى، ھەمدە ئۇنى سىياسىغا ئەھمىيەت بېرىش، باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، دەپ يىغىنچاقلىدى. بۇ ماركسىزملىق دىن قارشىنىڭ جۇڭگونىڭ دىن ئەھۋالى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم مەزگىلىدە، دىنىي مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىشتا چوقۇم رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك تۈپ يېتەكچى فاكچېن ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۈچ جۈملە سۆز مول مەزمۇنغا ۋە زىچ ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە. دىن سىياستىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ۋە دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئايرىم - ئايرىم ھالدا سىياسەت نۇقتىسى ۋە قانۇن

نۇقتىسىدىن بايان قىلىندى، ئۇلارنىڭ ماھىيىتى بىردەك بولۇپ، ھەر ئىككىسى دىنىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى توسۇش، قانۇنغا خىلاپلىرىغا زەربە بېرىشنى يادرو قىلغان. بۇنىڭدىكى نىشان ـ دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرى ۋە سىياسەتلىرىنى تەدبىقلاپ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى ۋە نازارەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل باشقۇرۇش ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىرى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە خىلاپ ھەر قانداق قىلمىشنى توسۇش، پۇقرالارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتىنى قوغداش، دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنىڭ نورمال دىنىي ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى ۋە دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنى ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش؛ يەنە بىرى، ئاساسىي قانۇن، قانۇن، نىزام ۋە سىياسەتتىن ھالقىپ كەتكەن قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى توسۇش، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارغا ۋە ئۇچىغا چىققان دىنى كۈچلەرگە زەربە بېرىش، چەتئەل دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىش ۋە قالايمىقان قىلىشنى توسۇش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق بولغاچقا، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋە ئۇچىغا چىققان دىنى كۈچلەر دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى ئۆچ كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا جېنىنىڭ بېرىچە قارشى تۇرىدۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى قوغداش، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، قانۇنىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار قەتئىي تەۋرەنمەي ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى قوللىشىمىز ۋە ئۇلارغا پائال ھەمكارلىشىشىمىز، دىنىي پائالىيەتلەرنى ئاساسىي قانۇن، قانۇن ۋە سىياسەت يول قويغان دائىرە ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ھەر مىللەت دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە تەربىيىلەپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى قەتئىي توسۇشىمىز، قانۇنغا خىلاپ دىنىي ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشىمىز كېرەك. گوۋۇيۈەنىنىڭ «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى زېمىنىدىكى چەتئەللىكلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى نىزامى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»، ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» ۋە «دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» قاتارلىق دىنغا ئائىت قانۇن ـ بەلگىلىمىلەرنى پائال تەشۋىق قىلىشىمىز، نەمۇنىلىك بىلەن ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشىمىز ۋە ئۇنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك. چوڭقۇر ۋە ئۈنۈملۈك تەشۋىقات، تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى قانۇننى بىلىدىغان، قانۇننى چۈشىنىدىغان، ھەق ـ ناھەقنى پەرقلەندۈرىدىغان قىلىش، ئۇلارنىڭ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى پەرقلەندۈرۈش ۋە توسۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە ئۇچىغا چىققان دىنى كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتىرىش كېرەك. دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى ـ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت. بارلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى چوقۇم ھۆكۈمەتنىڭ دىن خىزمىتى تارماقلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ نازارەت قىلىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى ئاستىدا، دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ۋەكىللىرىدىن باشقۇرۇش ھەيئىتى تەشكىللەپ، دېموكراتىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشى كېرەك. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن

بويان، قانات يايدۇرۇلغان دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش خىزمىتى - دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتىكى مۇھىم بىر تەدبىر. تىزىملاش خىزمىتى ئارقىلىق، كەڭ دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىا ئومۇمىيۈزلۈك بىر قېتىم قانۇن، نىزام ۋە سىياسەت جەھەتتە قايتا تەربىيىگە ئىگە بولدى، ئۇلارنىڭ سىياسەت ۋە قانۇن - تۈزۈم كۆز قارشى كۈچىيىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن يولىغا سېلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. سانىسىز لىغان پاكىتلار دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە ئۇچىغا چىققان دىنىي كۈچلەر جېنىنىڭ بىرىچە تالىشىدىغان مۇھىم بىر بازا ئىكەنلىكىنى قايتا - قايتا چۈشەندۈرۈپ بەردى. شۇڭا، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىپ، باشقۇرۇش ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلىشى، ھەمدە ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغداشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. ھەرگىزمۇ ئىسمى بار، جىسمى يوق بولۇپ قالماسلىقى، ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن ۋاز كەچمەسلىكى، بولۇپمۇ يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ ھەر خىل قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويماسلىقى كېرەك. دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتە، چەتئەل دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىش ھەرىكەتلىرىنى قەتئىي توسۇش كېرەك. دىندىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا قارىتا سىڭىپ كىرىش ۋە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش چەتئەلدىكى جۇڭگوغا قارشى دۈشمەن كۈچلەر ۋە بارلىق دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئادەتلىنىپ كەتكەن ھىيلە - مىكرىدۇر. ئۇلار ھەر خىل ۋاستىلارنى قوللىنىپ، تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزغا ئەكسىيەتچىل سىياسىي مەزمۇندىكى دىنىي تەشۋىق بۇيۇملىرىنى كىرگۈزىۋاتىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىن چەتئەلگە تۇققان يوقلاشقا، ھەج قىلىشقا چىققان كىشىلەرنى كۈچىنىڭ بىرىچە ئۆزىگە تارتىۋاتىدۇ. دىنىي ساھەدىكى دوستلارنىڭ ئىدىيە جەھەتتە ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولۇشىنى، يۇكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى يەنىمۇ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە تەربىيىلەپ، پائال ئۇنۇملۇك ھالدا چەتئەل دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇشىنى ۋە ئۇنى توسۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

3. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى ئۆز قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى لازىم.

ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلەشتە ئالاھىدە مۇھىم رولى بار. ئاپتونوم رايونىمىزدا ھازىر 70 تىن كۆپ ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى بار. بۇ ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە يېتەكلىشى بىلەن جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسى بويىچە، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىا بىلەن ئالاقە باغلاپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، ئىسلام دىنى ساھەسىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. يېڭى ۋەزىيەتتە، ئىسلام دىنى جەمئىيىتى خىزمىتى ئوخشاشلا نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن: قانداق قىلىپ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى كلاسسىك دىنى كىتابلاردىكى قانۇن، نىزام ۋە سىياسەتلەرگە ئۇيغۇن بولمىغان بەزى مەزمۇنلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىشقا يېتەكلەش؛ قانداق قىلىپ دىنىي ئەقىدە، دىنىي قائىدە

ۋە دىنىي ئەخلاقتىكى ئاكتىپ ئامىللارنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش؛ قانداق قىلىپ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت، دىنىي جەھەتتىكى چېكىدىن ئاشقان پىكىر ئېقىمى بىلەن بولغان چەك - چېگرىنى ئېنىق ئايرىشىغا ياردەم بېرىش؛ قانداق قىلىپ دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغىتىشتىن ساقلىنىش ۋاھاكازالار، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى ۋە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى دوستلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە توغرا كېلىدۇ. ئالدى بىلەن، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى ئىشنى ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشتىن باشلاپ، ئۆگىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، ئىدىيە، سىياسىي ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتىرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش سىياسىي يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشى كېرەك. ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئىدىيىنى مەركەزنىڭ «شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈدىغان ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت» دېگەن بۇ دانا ھۆكۈمى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش، تۈزەش توغرىسىدىكى مۇھىم ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھەمدە ئۆز دائىرىسى ئىچىدە جايلاردىكى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت، شۇنداقلا مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش، تۈزەش خىزمەت ئەترىتىنىڭ خىزمىتىگە پائال ماسلىشىپ، يۈكسەك مەسئۇل بولۇش روھى بىلەن، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقى ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەت ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشى كېرەك. ئىككىنچى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملار قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى - دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قىياپىتىگە ۋە دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىش ياكى ئۇيغۇنلىشالماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە. دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ۋەتەننى سۆيىدىغان، دىنىنى سۆيىدىغان دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنىڭ قولىغا مەھكەم تۇتقۇزۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا ياش، ياش دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى بىر تۈرلۈك ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. رەھبەرلىكى بولغان ھالدا تەشكىللىك، پىلانلىق تۈردە ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ياش دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى سىياسەت، مەدەنىيەت ۋە دىنى بىلىملەر جەھەتتىن تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. پىشقەدەم ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ساھەدىكى زاتلار دىنىي ئىنستىتوت، مەكتەپ، دىن ئوقۇتۇش سىنىپ (نۇقتا) لىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارغا ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىنى سۆيۈش ئېسىل ئەنئەنىسىنى ۋە دىنىي پائالىيەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىش تەجرىبىسىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنى تېزدىن يېتىشتۈرۈپ چىقىشى كېرەك. ئالاقىدار تارماقلارغا پائال ھەمكارلىشىپ، خۇسۇسلار ئاچقان دىن ئوقۇتۇش سىنىپ (نۇقتا) لىرىنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ھۆكۈمەتنىڭ دىن خىزمىتى تارماقلىرىغا ھەمكارلىشىپ، خۇسۇسلار ئاچقان دىن ئوقۇتۇش سىنىپ (نۇقتا) لىرىدا دىن ئۆگىنىپ چىققان ئاتالمىش تالىپلارغا تەربىيە بېرىش ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئۇلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىنى سۆيۈش ۋە قانۇن ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش كۆز قارىشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئۇلارغا قارىتا ئىتتىپاقلىشىش، قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتىنى كۆپرەك ئىشلەش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ قوللىشىنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، سوبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتلەرنى

ئىجادچانلىق بىلەن قانات يايدۇرۇپ، تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئۈچىنچى، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار دىندىكى سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە، سوتسىيالىستىك ماددى مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان دىنى قائىدىلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئاكتىپلىق ئىسلاھ قىلىشى ھەمدە بەزى يامان غەرەزدىكى كىشىلەرنىڭ ئاللا بۇرۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان دىنى فېئوداللىق ئىمتىياز ۋە ئېزىش، ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىنى ئۈنۈملۈك توسۇشى كېرەك. نۆۋەتتە، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىنى شۇكى، بەزى جايلاردا ئۈچىغا چىققان دىنى كۆچلەر ئاتالمىش «ھارام»نى ھەدەپ تارقىتىپ، تېرىلغۇ يەرگە خىمىيىۋى ئوغۇت چېچىش، ئاياللار ئەمگەككە قاتنىشىش، سودا قىلىش، خىزمەت قىلىش، توي خېتى ئېلىش، پىلانلىق تۇغۇت، ھەتتا بەلگىلىمە بويىچە دۆلەتكە باج تاپشۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى، شۇنداقلا ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى بىلەن سېلىنغان مەسچىتلەرنى ۋە بىر قىسىم ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ قوشۇمچە ياردەم راسخوتىنى «ھارام» دىدى. ئۇلارنىڭ مەقسىدى دىنى ئەسەبىلىكنى قۇترىتىش، ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىش، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش، جەمئىيەت ئامانلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا توسالغۇلۇق قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇلار بەزى ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىمۇ پەيدا قىلدى. بۇ خىل ئەكسىيەتچىل پىتنە - ئىغۋالارنىڭ ئېغىر زىيىنىنى ئۇزۇل - كېسىل ئېچىپ تاشلاش، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا قارىتا تەشۋىقات تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

قىسقىسى، دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشتە ھەر قانداق شەخس، ھەرقانداق تەشكىلاتلار، ھەر دەرىجىلىك دىنى تەشكىلاتلار ۋە دىنىي زاتلار قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغدىشى، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشى لازىم. بۇ «4 نى قوغداش» پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلگەن سىياسىي مەيدانىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ بارلىق دىنى تەشكىلاتلار، دىنى زاتلار چوقۇم رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ھەرىكەت مىزانى. ئەگەر بۇ مىزاندىن چەتنەپ كەتكەندە سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىشىش نىشانىدىن چەتنەپ، تۈيۈق يولغا كىرىپ قالىمىز.

نۆۋەتتە، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز ئوتتۇرا ۋە غەربى قىسىم رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە دائىر بىر قاتار مۇھىم سىياسەت، تەدبىرلەرنى قوللاندى، ئاپتونوم رايونىمىز ئاز ئۇچرايدىغان تارىخى پۇرسەتكە دۇچ كەلدى، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغان بولساق، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ، بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئورتاق تىرىشىش ئارقىلىق، دىنى ساھەدىكى زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئىدىيە سىياسىي ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتىرىدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە ئۈچىغا چىققان دىنى كۈچلەرگە قارشى كۈرەشنى قەتئىي ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرىدىغان بولساق، مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش، تۈزەش خىزمىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز. دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۈزلۈكسىز ئۇيغۇنلاشتۇرۇش تارىخى مۇساپىسىدا تېخىمۇ مول نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىز.

دىنى ساھەدىكى دوستلارنىڭ، بۇ يەردە ئولتۇرغان يولداشلارنىڭ سالامەت بولۇشىغا چىن قەلبىمدىن تىلەكداشمەن.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ خىزمەت دوكلاتى

ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى **ئىمام ھەسەن**

1997 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى

ھۆرمەتلىك دائىمىي ھەيئەتلەر، رەھبەرلەر، مېھمانلار، يولداشلار:

ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ غەمخورلۇقىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ «مۇقىملىقى، تەرەققىياتى» ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت مەقسەتكە ئەمەل قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغدىدى؛ جەمئىيىتىمىز ئۆز خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، خىزمەتتە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قانات يايدۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى يۈكسىلىش ھاسىل قىلىپ، مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. تۆۋەندە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەت ئالماشقاندىن بۇيانقى خىزمەتلىرى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلىنىدىغان خىزمەتلىرى توغرىسىدا دوكلات بېرىپ ئۆتىمەن. ھەر قايسىلىرىنىڭ قاراپ چىقىشىنى سورايمەن.

## نۆۋەت ئالماشقاندىن بۇيانقى خىزمەتلەر

1. مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىدۇق.

بۇلتۇر 3 - ئايدا مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ 5 - نومۇرلۇق ھۆججىتى تارقىتىلغاندىن كېيىن، بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى ۋە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۇرۇپ، ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردۇق. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنى زاتلاردىن جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان تەربىيىلەش

كۇرسى ۋە ئۆگىنىش كۇرسلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، مەركەزنىڭ 7- نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 5 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدۇق. كەڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنى زاتلار ئۆگىنىش داۋامىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان، ۋەتەن بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىدەك جىنايى قىلمىشلىرىغا بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى «شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنى ھەرىكەت» دېگەن ھۆكۈمنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ تونۇپ يەتتى، بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش بىر مەيدان ھايات - ماماتلىق سىنىپى كۈرەش ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇ كۈرەشنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەزەلدىن توختاپ قالمىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنى زاتلار ئاممىغا «ۋەز - تەبلىغ قىلىش» پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 5 - نومۇرلۇق ھۆججىتى روھىنى تەشۋىق قىلىپ، جايلاردىكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ماسلىشىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنى ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش، شۇنداقلا جايلاردا قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش، زورۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە زەربە بېرىش كۈرىشى داۋامىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈچۈن پائال تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

بىز مۇقىملىقنى قوغداشنى تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزنىڭ ئالدىنقى ئورنىغا قويدۇق. بۇ ھەقتە ئۆتكەن يىل سىستېمىلىق، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، مەسچىت ۋە دىنى زاتلار ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنى زاتلا بىلەن دائىم ئالاقىلىشىپ ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇپ، كۆرۈلگەن ئەھۋال ۋە مەسىلىلەرنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىنۇېلىشىغا ياردەمدە بولدۇق، سەزگۈر مەزگىللەردىكى بىخەتەرلىككە ئائىت خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىدۇق. يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن ئۇشتۇمتۇت ۋەقە، دىنى مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىش ۋە مەسچىتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت قاتارلىق مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى يېقىندىن دىققەت بىلەن كۈزىتىپ، ئەھۋالنى ئىگىلەپ مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مۇۋاپىق ھەل قىلىشىغا ياردەملەشتۇق. جەمئىيىتىمىزنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىللە، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭغا بېرىپ، تەكشۈرۈش - تەتقىق ئېلىپ باردى. يەنە ھېيت - بايرام مەزگىللىرىدە، ھال سوراش خېتى يېزىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ھەر مىللەت دىنى زاتلىرى ۋە مۇسۇلمانلىرىنى مىللىي بۆلگۈنچىلىك، قانۇنسىز دىنى ھەرىكەت ۋە زورۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئاكتىپ قوغداشقا چاقىردۇق ھەمدە ئۇرۇمچى رايونىدىكى بىر قىسىم نۇقتىلىق مەسچىتلەرنىڭ بىخەتەرلىك، ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ، سېزىلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردۇق.

2. دىنغا ئائىت قانۇن - نىزاملارنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، دىنى پائالىيەتنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىش كۆز قارشىنى كۈچەيتتۇق.

مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزام ۋە سىياسەتلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە ئىگىلەپ، ئۆزىنى - ئۆزى تەربىيىلەشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، ئىمام، ئاخۇنلار ۋە مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئەتلىرىنىڭ قانۇن، نىزام ۋە سىياسەت دائىرىسى ئىچىدە دىنى پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش ۋە كۈچەيتىش ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى. 1994 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ئىككى قانۇن - نىزامى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى ئېلان قىلىنغاندىن

كېيىن، جايلار ناھايىتى تېز ھەرىكەتكە كېلىپ، ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ئاچقان تۇرلۇك يىغىنلاردا بۇ قانۇن - نىزاملارنى تەشۋىق قىلدى ۋە ئۆگەندى. نۇرغۇن ئىمام، ئاخۇنلار ۋەز - تەبلىغ قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، دىنغا ئائىت قانۇن - نىزاملارنى جامائەتكە تەشۋىق قىلدى. بىز ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە سىياسىي كېڭەش يىغىنى مەزگىلىدە، بۇ ئىككى يىغىنغا قاتناشقان دىنى زاتلارنى دىنغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملارنى ئۆگىنىپ، بۇ قانۇن - نىزاملارنىڭ ئۆز جايلىرىدا ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىغا بىرلەشتۇرۇپ سۆھبەت ئېلىپ بېرىشقا ئۇيۇشتۇردۇق. بىز يەنە «قىسقا خەۋەر» ئارقىلىق جايلارنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالـــى ۋە ياخشـــى تەجرىبىلىرىنى ئىنكاس قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى قانۇن ئۆگىنىش پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلدۇق ۋە تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇردۇق. «ئاپتونوم رايوننىڭ دىن ئىشلىرىنـــى باشقۇرۇش نـــىزامـــى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئۈرۈمچىدىكى ھەيئەتلىرىمىز ۋە بىر قىسىم نۇقتىلىق مەسچىتلەرنىڭ ئىمام، ئاخۇنلىرى قاتناشقان سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدۇق. سۆھبەت يىغىنىدا دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى قايتا ئۆگىنىلدى. دىنى پائالىيەتنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، مۇھىملىقى مۇزاكىرە قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن ئىمام، ئاخۇنلارنىڭ قانۇن ئېڭى يەنىمۇ كۈچىيىپ، جامائەتنى باشلاپ، نورمال دىنى پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى، قانۇنسىز دىنى ھەرىكەتكە قارشى تۇرۇشى ۋە تاقابىل تۇرۇشى ئۈچۈن ياخشى ئىدىيىۋي ئاساس سېلىندى.

3. دىنىي ئىشلار خىزمىتىنى ئەستايىدىل يولغا قويۇپ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلدۇق.

بىز ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن 1994 - يىلدىن باشلاپ ھەج خىزمىتىگە قاتنىشىپ، ھەج قىلغۇچىلارنى دۆلەت ئىچىدە تەربىيىلەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدۇق. بىز بۇ خىزمەتتە، بۇرۇنقى تەجرىبىلەرنى يەكۇنلەش ئاساسىدا، رەھبەرلەرنى دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىش، سىن ئالغۇ لېنتىسى ئىشلەش بىلەن ئېلېكترلەشكەن تەربىيىلەش بىرلەشتۇرۇلگەن شەكىلنى قوللىنىپ، ھەج قىلغۇچىلارغا ۋەزىيەت تەربىيىسى، تاشقى ئىشلار ئىنتىزامى، چېگرىدىن كىرىش - چىقىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار، ھەج ساۋادى ۋە ساياھەت ساۋادى قاتارلىق جەھەتلەردە تەربىيە ئېلىپ باردۇق. بۇلتۇر يەنە ۋەزىيەت تەربىيىسى ۋە ھەج قىلىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار مەزمۇن قىلىنغان تەشۋىقات ماتېرىيالى ئىشلىدۇق ھەمدە ھەج ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك سىن ئالغۇ لېنتىسىنى كۆپەيتىپ ئىشلەپ، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە تارقىتىپ بېرىپ، جايلارنىڭ تەربىيىلەش خىزمىتىگە ماسلاشتۇق. بۇلتۇر ۋە بۇ يىل ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ھەج قىلغۇچىلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئارىلاپ تەكشۈردۇق. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق ھەج قىلغۇچىلارغا ئۈچ دەرىجە بويىچە تەربىيە ئېلىپ بېرىلىپ، ھاجىلارنىڭ ھەج پەرزىنى ئوڭۇشلۇق، تولۇق ئادا قىلىۋېلىشىغا ئۈنۈملۈك ياردەم بەرگەنلىكىمىزدىن كەڭ ھاجىلار ئىنتايىن رازى بولۇشتى.

نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە دىنى سىنىپ (نۇقتا) ئېچىلىپ، 1900 دىن ئارتۇق تالىپ تەربىيىلىنىپ چىقتى. يەنە 700 دىن ئارتۇق تالىپ ئوقۇۋاتىدۇ. بۇ تالىپلارنى ۋەتەننى سۆيىدىغان، دىنىي سۆيىدىغان، لاياقەتلىك دىنى زاتلاردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش مۇسۇلمانلارنىڭ بىزدىن كۈتىدىغان سەمىمىي ئۈمىدى، شۇنداقلا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىزگە تاپشۇرغان شەرەپلىك ۋەزىپىسى. بىز ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ئاچقان دىنى‌سىنىپ ئۈستىدە مەخسۇس تەكشۈرۈش - تەتقىق ئېلىپ بېرىپ، نەتىجە ۋە تەجرىبىلەرنى يەكۇنلەش ئاساسىدا، ساقلانغان ئاجىز ھالقىلارغا ئاساسەن، «دىنى سىنىپ (نۇقتا) نى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» نى تۈزۈپ چىقتۇق. بىز بۇنى جايلاردىكى ئىسلام دىنـــى جەمئىيەتلىرىنىڭ دىنى سىنىپ (نۇقتا) لارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىشتىكى بەلگىلىمە قىلىش ئۈچۈن،

ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى باش كاتىپلىرى بىرلەشمە يىغىنىدا بۇ ھەقتە پىكىر ئالدۇق ھەمدە ماددىمۇ - ماددا مۇزاكىرە قىلىپ، تۈزۈتۈش كىرگۈزدۇق. بىز بۇ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن نۇسخىنى بۇ قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا كۆپچىلىكنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويىمىز، كۆپچىلىكنىڭ تولۇق پىكىر بايان قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. 1995 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى ئىنستىتوتىغا ئۇيغۇر تىل سىستېمىسى بويىچە 60 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خويزۇ ئاخۇن، تالىپلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلتىماس قىلغاندىن كېيىن، جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 1995 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى بىزگە 3 تىن 4 گىچە بىلىم ئاشۇرۇش سانى چۈشۈرۈپ بەردى. بۇلتۇر بىز يەنە ئاكتىپلىق بىلەن جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنستىتوتىدىن 5 يىللىق تولۇق كۇرس سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھان مەيدانىنى ئۈرۈمچىدە تەسىس قىلىشنى ئىلتىماس قىلغاندۇق، نەتىجىدە بۇ ئىمتىھاندىن 8 نەپەر ئوقۇغۇچى ئۆتۈپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنستىتوتىغا قوبۇل قىلىندى. بۇ يىلمۇ يەنە بىر قىسىم تالىپلارنى ئىمتىھان بېرىشكە تەشكىللىدۇق.

بىز جايلاردىكى ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە كۆرسىتىپ بېرىشى بىلەن، بىر قىسىم جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان «قۇرئان كەرىم» نى ئۆلچەملىك (تەجۋىتلىك) قىرائەت قىلىش مۇسابىقىسىدا كۆزگە كۆرۈنگەن مۇنەۋۋەر تالىپلار ئىچىدىن 1995 - يىلى ۋە بۇ يىل جەمئىي 15 كىشىنى تاللاپ، مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشقا ئەۋەتتۇق. بۇلار ئىچىدە نەتىجىگە ئېرىشكەنلەر جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى تەرىپىدىن دۆلىتىمىزگە ۋاكالىتەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا مالايشىيا، ئىران، مىسىر ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق دۆلەتلەرگە قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشقا ئەۋەتىلدى. بۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىز ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر بىلەن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى ۋە دوستلۇقى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بىز بۇلتۇر يەنە ياش، ئوتتۇرا ياش ئىمام، ئاخۇنلار ئىچىدىن 7 كىشىنى تاللاپ بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك «ۋەز - تەبلىغ» مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇردۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دىنى ئەقىدە، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش، بولۇپمۇ ۋەز - تەبلىغ پائالىيىتىنى قانداق قىلىپ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش يۈزلىنىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى ۋە زور ئىلھام ئالدى.

بىز زۆرۈر بولغان دىنى كىتابلارنىڭ تەرجىمە - تەھرىرلىكى ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىنى ئىشلىدۇق. بىز ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئىمام - ئاخۇنلارنى ۋە مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىس - ئالىملارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى ئىنستىتوتى تەرجىمە قىلىپ تۈزۈپ چىققان 17 خىل ئۆلچەملىك دىن دەرسلىكىنى، قازاقچە «فىقھە» نى ۋە ئۇيغۇرچە «ھەدىستىن تاللانمىلار» نى تەكشۈرۈپ بېكىتتۇق ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنغا يوللىدۇق. بىز يەنە راسخود ئىنتايىن قىس ئەھۋالدا، 1995 -، 1996 - ۋە 1997 - يىللىق ئىسلام كالىندارىنى ئىشلەپ، ئاممىنىڭ دىنى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇردۇق.

4. جايلاردىكى ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى بىلەن خىزمەتتە ئالاقىلىشىش ۋە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىشنى ياخشى ئىشلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردۇق.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە ۋە 65 ناھىيە (شەھەر) دە ئىسلام دىنى جەمئىيىتى قۇرۇلدى. بۇ بىزنىڭ جايلاردىكى ئىسلام دىنى جەمئىيىتى بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتىش، ئۆزئارا ئەھۋال يەتكۈزۈش، خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش، ۋەتەنپەرۋەر دىنى تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى تولۇق

جارى قىلدۇرۇش جەھەتلەردە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىمىزدىكى مۇھىم تەرەپ. بىز ئىلگىرىكى بىر نەچچە نۆۋەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، تۆۋەندىكى بەش تۈرلۈك خىزمەتنى ئىشلىدۇق:

بىرىنچى، ئۇدا ئۈچ يىل ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ باش كاتىپلىرى بىرلەشمە يىغىنىنى ئاچتۇق. يىغىندا جايلاردىكى ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى يەكۈنلەش، ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، نۆۋەتتە ساقلانغان مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىق - تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلدۇق ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدۇق. ئىككىنچى، بۇ يىل يىل بېشىدا ئاچقان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ باش كاتىپلىرى بىرلەشمە يىغىنىدا، جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ئۆتكەن يىل يىل ئاخىرىدا چاقىرغان مەملىكەت بويىچە ئۆلكە دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، باش كاتىپلىرى بىرلەشمە يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ۋەتەنپەرۋەر دىنى تەشكىلاتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي مەزمۇننى دەۋر قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى تىرىشىپ قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردىن ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشى بىلەن ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مەقسىدى ۋە ۋەزىپىسىگە ئاساسەن خىزمەتلەرنى مۇستەقىل تەشەببۇسكارلىق بىلەن قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدۇق. بۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا، يۇقىرىقى تەلەپلەرنىڭ ئىزچىللىشىش ۋە ئەمەللىشىش ئەھۋالىنى تاللاپ تەكشۈرۈشنى پىلانلىدۇق. ئۈچىنچى، ئادەم كۈچى ۋە ماددى كۈچ يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى يېڭىپ، «شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى قىسقا خەۋىرى»نى سىناق قىلىپ چىقاردۇق. بۇ «قىسقا خەۋەر» يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش، تۆۋەنگە يەتكۈزۈش، ئۆزئارا ئەھۋال ئۇقۇشۇش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە خىزمەتكە تۈرتكە بولۇش جەھەتتە ياخشى رول ئوينىدى. تۆتىنچى، جايلاردىكى ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ تۈرلۈك يىغىن ۋە پائالىيەتلىرىگە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە قاتناشتۇق ۋە جايلاردىكى ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمىتىدىكى ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارغا قاراپ، كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بەشىنچى، ھەر يىلىدىكى روزا ھېيت، قۇربان ھېيت مەزگىلىدە، ئىنتايىن قىس بولۇۋاتقان راسخودىمىزدىن پۇل ئاجرىتىپ، جايلاردىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار يۇقىرى قاتلام دىنى زاتلاردىن ھال سورىدۇق. ئۈرۈمچى رايونىدىكى ھەيئەتلىرىمىزنى يوقلىدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتناشقان ئۆلىمالىرىمىزنى ئىپتالىققا تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتتۇق.

5. ھەيئەتلىرىمىزنى ئىجتىمائىي پائالىيەتكە قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇق.

ھەر يىلى باھار بايرىمى ھارپىسىدا، ھال سوراش بۇيۇمى ئېلىپ، ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم دائىمىي ھەيئەتلىرىمىزنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا ۋاكالىتەن ئازاتلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىدىن ھال سوراشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش پائالىيىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق. بىز يەنە دىنى زاتلارنى ئۈرۈمچى رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان بالىلار ئۆتكۈر يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغى كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەر

دىنى زاتلىرىمىزنىڭ بالىلارنىڭ سالامەتلىك ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ۋە مەدەتتە بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدۇق. 1995 - يىل 8 - ئايدا ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ 50 يىللىق خاتىرىسى بولغاندا، مەملىكىتىمىزدىكى 5 چوڭ دىنى تەشكىلاتنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە، تىنچلىق ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلىش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ ھاياتى بەدىلىگە كەلگەن بۇ غەلىبىنى خاتىرىلىدۇق. بىز يەنە ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش ھارپىسىدا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىخۇڭ يولى كۆۋرۈكىنى ياساۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ھال سورىدۇق ۋە ھال سوراش بۇيۇملىرى تەقدىم قىلدۇق. بۇ ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەر دىنى تەشكىلات ۋە دىنى زاتلارنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا بولغان غەمخورلۇقى ۋە قۇرۇلۇشچىلارغا بولغان تەشەككۇرىنى ئىپادىلىدۇق. شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى خۇشال - خوراملىق بىلەن كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، بىز ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە «1 - ئىيۇلنى قارشى ئېلىش، شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش» سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، جايلاردىكى مەسچىتلەردىن 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى (جۈمە كۈنى) پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىرلىكتە، تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشنى، ۋەز - تەبلىغ قىلغاندا شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى سۆزلەشنى تەلەپ قىلدۇق، شۇنداقلا ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەننى سۆيۈپ، دىننى سۆيۈپ، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈپ، ۋەتەننىڭ ئار نومۇسىنى ئۇنۇتماي، ۋەتەن بىرلىكىنى دىلىغا ئورنىتىشقا چاقىردۇق. بىز يەنە ئۇدا ئۈچ يىل كادىر ئاجرىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىغا ھەمكارلىشىپ، دىنى زاتلارنى ئىچكى ئۆلكىلەردە ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇش خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، دىنى زاتلارغا ياخشى خىزمەت قىلدۇق.

ھۆرمەتلىك دائىمىي ھەيئەتلەر، مېھمانلار يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنلىرىم جەمئىيىتىمىز ئىشلىگەن ئاساسىي خىزمەتلەر. نۆۋەت ئالماشقاندىن بۇيان، ئۈچ يىلدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتتى. بۇ جەرياندا جەمئىيىتىمىزدىكى كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر گەرچە ئاز بولمىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، جەمئىيىتىمىزنىڭ قىياپىتىدە يېڭى ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تۆرلۈك سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن خىزمىتىمىزدە بەزىبىر مەسىلە ۋە يېتەرسىزلىكلەرمۇ ساقلىنىپ كەلدى. بىرىنچىدىن، مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇقىملىقنى ساقلاش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتە، خىزمىتىمىزنىڭ سالمىقى دېگەندەك يېتەرلىك بولمىدى؛ ئىككىنچىدىن، ھۆكۈمەتنىڭ پارتىيىنىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ياردەمدە بولۇشىمىز، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا دىنى پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا تەشۋىق، تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمىز دېگەندەك چوڭقۇر بولۇپ كېتەلمىدى؛ ئۈچىنچىدىن، جايلاردىكى دىنى سىنىپ (نۇقتا) لىرىدا ساقلىنىۋاتقان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرگە قارىتا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ياردەم بېرىشىمىز كۈچلۈك بولمىدى؛ تۆتىنچىدىن، تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشىمىز ئاز بولۇپ قالدى؛ بەشىنچىدىن، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئۆز ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشىمىز يېتەرلىك بولمىدى. ساقلىنىۋاتقان بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە، كۆپچىلىكنىڭ كۆپرەك قىممەتلىك پىكىرلەرنى ۋە تەكلىپلەرنى

بېرىپ، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىسلام دىنى جەمئىيىتىمىزنىڭ خىزمىتىنى يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا يەنىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا بىر نەچچە پىكىر

دائىمىي ھەيئەتلەر:

نۆۋەتتە، بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن بولغان كۆرىشىمىز دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇش جەھەتتىكى ھايات - ماماتلىق سىنىپى كۈرەش. كەڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنى زاتلار ۋە مۇسۇلمانلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى سۆيۇش، دىننى سۆيۇشتەك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، «قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش» نى ھەقىقىي تۈردە ۋەتەننى سۆيۇشنىڭ تۈپ پرىنسىپى قىلىشىمىز لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق ئامىبىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئورتاق كۈرەش قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش - ۋەتەنپەرۋەر دىنى زاتلىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان تارىخىي ۋەزىپىسى. ۋەتەنپەرۋەر دىنى تەشكىلاتلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنى زاتلىرىمىزنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان ئۆلىمالىرىمىزغا بۇنىڭدىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە جەھەتتىكى خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىمەن.

بىرىنچى، مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش توغرىسىدىكى مۇھىم ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ روھىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، نۆۋەتتە قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش، زورۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۆرىشىگە پائال ماسلىشىشىمىز لازىم.

نۆۋەتتە نۇقتىلىق رايونلاردا قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش ۋە تۈزەش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشىدىكى مۇھىم ئورۇنلاشتۇرۇشى، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك زور ئىش. بۇ كۈرەش قانات يايدۇرۇلغان قىسقىغىنە ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قاتتىق زەربە بېرىلدى، قانۇنسىز دىنى ھەرىكەتلەر مەلۇم دەرىجىدە يىغىشتۇرۇلدى، بەزى رايونلارنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، گەۋدىلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. لېكىن بىز يەنە دۈشمەنلەرنىڭ ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈۋېلىشىمىز لازىم. نۆۋەتتىكى ناھايىتى كەسكىن، مۇرەككەپ ۋە جاپالىق كۈرەشكە قارىتا، بەزى رايونلاردىكى، بولۇپمۇ بەزى نۇقتىلىق رايونلاردىكى ئاز ساندىكى دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا دۈشمەننىڭ ئالدىشى، قايمۇقتۇرۇشى ۋە تەھدىدى تۈپەيلىدىن، ئىدىيە جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مۈجمەل قاراشلار يەنىلا ساقلىنىپ كەلمەكتە، ھەتتا ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ مەيدانى، كۆز قارىشى

ۋە پوزىتسىيىسىدە ئېنىق سىياسىي خاتالىق كۆرۈلمەكتە. زەربە بېرىش، تۈزەش ۋەزىپىسىنىڭ ئۆتكۈشلۈق ئورۇندىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاممىنىڭ ئىدىيىۋىي - تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەھەتتە داۋاملىق كۈچ سەرپ قىلىش، تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، كەڭ ئاممىنى تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، نۆۋەتتە جايلاردىكى ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى سىياسىي ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇش، ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 5 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلىشى، ئاڭلىق ھالدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلىنىشى لازىم. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلىرىمىز جايلاردا چاقىرىلغان ئېيىپلاش يىغىنى، دوكلات يىغىنى، لېكسىيە سۆزلەش يىغىنى ۋە سۆھبەت يىغىنى قاتارلىق پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىش ئارقىلىق، ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆزلىشى، بايرىقى روشەن ھالدا پوزىتسىيە بىلدۈرۈشى، ئاممىغا، بولۇپمۇ ھېلىقىدەك قايمۇقۇپ ۋە تەھدىتكە ئۇچراپ بەزى خاتا ئىشلارنى قىلغان ياشلارغا قارىتا يۈز تۇرانە تەشۋىق تەربىيە ئىشلىشى، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تايانچ ئۇنسۇرلىرىنى، زوراۋانلىق ۋە تېررورلۇق بىلەن شۇغۇللانغان جىنايەتچىلەرنى ۋە ئۇچىغا چىققان دىنىي كۈچلەرنىڭ باشلامچىلىرىنى كۈچلۈك يېتىم قالدۇرۇشى ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىشى، زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

ئىككىنچى، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى پاش قىلىپ ۋە چەكلەپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى قەتئىي قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىش لازىم.

مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تايانچ ئۇنسۇرلىرى، زوراۋانلىق ۋە تېررورلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن ئۇنسۇرلار ۋە ئۇچىغا چىققان دىنىي كۈچلەرنىڭ باشلامچى ئۇنسۇرلىرى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا، بولۇپمۇ ياشلار ئارىسىدا قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتكە دائىر ئەكسىيەتچىل سەپسەتىلەرنى كەڭ كۆلەمدە تارقىتىپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەردىن پايدىلىنىپ، بۆلگۈنچىلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى. بىر قىسىم ئاتالمىش «تەبلىغاتچىلار» (يەنى دىنىنى تەشۋىق قىلغۇچىلار) دىنىي بايراقنى كۆتۈرۈۋېلىپ، تەپسىر قىلىش نامى بىلەن، قانداقتۇ «ناماز ئوقۇمىغانلار خائىن ھېساپلىنىدۇ، ھۆكۈمەت تەستىقلىغان مەسچىتلەرگە كىرىشكە بولمايدۇ، خەنزۇلار ياسىغان مەسچىتلەردە ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ، ھۆكۈمەت تەستىقلىغان ئىماملارغا ئېقتىدا قىلىشقا بولمايدۇ، دىنىي زاتلار ھۆكۈمەت بەرگەن تۇرمۇش پۇلىنى ئالسا بولمايدۇ، ھۆكۈمەت تارقاتقان تۈرلۈك گۇۋاھنامىلارنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ئاياللار يۈزىنى ئېچىپ يۈرسە، خىزمەت قىلسا بولمايدۇ، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشقا بولمايدۇ، بۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ھەممىسى ھارام» دېگەنلەرنى تەرغىپ قىلغان. ئاممىنى ئاخماق قىلىدىغان ۋە قۇترىتىدىغان بۇ خىل ئەكسىيەتچىل سەپسەتىلەر دۆلەتنىڭ قانۇنى بىلەن قارشىلاشقانلىق، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى يىراقلاشتۇرغانلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ نورمال دىنىي تۇرمۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى قەتئىي پاش قىلىشىمىز، بۇ ئارقىلىق ئاز ساندىكى زەھەرلەنگەن ئاممىنىڭ ھەق - ناھەقنى پەرق ئېتىپ، تېزدىن ئويغىنىشى ئۈچۈن ئۇلارنى تەربىيىلىشىمىز ۋە قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتكە ياتىدىغان سۆز - ھەرىكەتلەرنى ئوچۇق - ئاشكارە قوللىغان، شەخسى ئۆز ئالدىغا تالىپ تەربىيىلىگەن، ھەتتا «غازات» قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلغان، تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمەي جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋالغان ناھايىتى ئاز ساندىكى دىنىي زاتلارغا

قارىتا، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلىرىمىز شۇ جايدىكى ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ «ئىماملىق گۇۋاھنامىسى» نى قايتۇرۇۋېلىشىنى، ئۇلارنىڭ دىنىي ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلىش سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلىشىنى، مەسچىتلەرنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ قولىغا مەھكەم تۇتقۇزۇشىنى قەتئىي قوللىشى لازىم.

دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆز - ئۆزىمىزنى قانۇن - تۈزۈم بىلەن تەربىيىلەشنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. دىنىي ساھەدىكى زاتلار، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئائىت قانۇن - نىزام ۋە دىن ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن - بەلگىلىمىلەرنى ئۆگىنىشكە قاتنىشىش ئارقىلىق، ئۆزلىرى ئۆگەنگەن قانۇن بىلىملىرى ۋە دىنىي ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلىش جەريانىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مۇسۇلمانلارغا دائىم دېگۈدەك قانۇن - تۈزۈم تەشۋىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارغا قايسىسىنىڭ ئاساسىي قانۇنغا، قانۇنلارغا، قائىدە - نىزاملارغا ۋە سىياسەتلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان نورمال دىنىي پائالىيەت بولىدىغانلىقى، قايسىسىنىڭ قانۇنغا خىلاپ ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى، ئۇلارنىڭ قانۇن - تۈزۈم كۆز قارىشىنى كۈچەيتىپ، بارلىق قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن ئاڭلىق كۈرەش قىلالايدىغان قىلىشى لازىم.

ئۈچىنچى، ھۆكۈمەتنىڭ پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ياردەملىشىپ، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغداش لازىم. بۇ، ئىسلام دىنىي جەمئىيەتلىرىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپىسى، شۇنداقلا كەڭ دىنىي ساھەدىكى زاتلىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى. كۆپچىلىككە مەلۇم، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش، پارتىيىمىزنىڭ دىن مەسىلىگە قاراتقان تۈپ سىياسىتى، پارتىيىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرغاندىلا، دىنىي پائالىيەتلەرنى نورمال ئىزغا سالغىلى بولىدۇ. پىشقەدەم ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلىرىمىزنىڭ كۆپ يىللىق ئۆگىنىش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق تونۇشى بىرقەدەر ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتى، نورمال دىنىي پائالىيەت بىلەن نورمال بولمىغان دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ چەك - چېگرىسىنى توغرا پەرق ئېتەلەيدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ نورماللىشىشى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر تۈركۈم ياش ۋە ئوتتۇرا ياش دىنىي زاتلار جايلاردا ئېچىلغان تۈرلۈك شەكىلدىكى ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ قانۇن ۋە سىياسەت كۆز قارىشى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاڭلىقلىقى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار قوشۇنىمىز ئۈزلۈكسىز زورايدى. بۇ ئاپتونوم رايونىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشىنى بويلاپ تەرەققىي قىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ياخشى بولماقتا، دىنىي پائالىيەتلەرمۇ ئاساسىي جەھەتتىن نورمال كېتىپ بارىدۇ. لېكىن دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ كاشىلا قىلىشى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشى سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قىسىم ياش دىنىي زاتلىرىمىزنىڭ پارتىيىنىڭ بۇ سىياسىتىنى سىستېمىلىق ۋە ئەستايىدىل ئۆگىنىشى يېتەرسىز بولغانلىقتىن، چۈشىنىشتە بىر تەرەپلىمە بولۇپ قېلىش، سۆز - ھەرىكەتتە ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويۇش مەسىلىلىرى ساقلانماقتا، بۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ئاسانلا قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىپ قالىدىغان، ھەتتا دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە. دىنغا ئېتىقاد قىلىش — ئاساسىي قانۇندا پۇقرالارغا بېرىلگەن بىر تۈرلۈك ھوقۇق، پۇقرالار دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگىمۇ ئىگە، ھەرقانداق دۆلەت ئورگىنى، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ پۇقرالارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى ئېتىقاد قىلماسلىققا زورلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، دىنغا

ئېتىقاد قىلىدىغان ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنى كەمسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ. ھەرقانداق كىشىنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزۈشىگە، باشقا پۇقرالارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتىگە توسقۇنلۇق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئۇلار بۇ سىياسەتنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتمىگەن بولغاچقا، كۆپىنچە دىنغا ئېتىقاد قىلىشتا ئەركىن بولۇش تەرىپىنىلا تەكىتلەپ، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنى كەمسىتىدۇ، چەتكە قاقىدۇ، ھەتتا ئۇلارغا زەربە بېرىدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىغا بېسىم ئىشلىتىش مەسىلىسى تەربىيىنى كۈچەيتىشكە ۋە ئىدىيىۋىي تونۇشنى ئۆستۈرۈشكە تېگىشلىك مەسىلە بولۇپلا قالماي، بەلكى باشقىلارنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولۇپ قالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىگە خىلاپ كېلىدىغان سۆز ھەرىكەتلەرگە قارىتا يۈرەكلىك تەنقىت - تەربىيە ئېلىپ بېرىشى، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان سۆز - ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇشى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالار بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالار ئوتتۇرىسىدا ئېتىقاد جەھەتتە ئۆز - ئارا چۈشىنىدىغان، ئۆز - ئارا ھۆرمەت قىلىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈشى لازىم. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، بەزى جايلار يەنە ئاياللار مەسچىتى سېلىشنى، ئاياللارنىڭ مەسچىتكە كىرىپ ناماز ئوقۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايونىمىز تارىخىدا، ئەنئەنىۋىي ئادىتىمىزدە ئاياللار مەسچىتى سېلىنمىغان، ئاياللارنىڭ مەسچىتكە كىرىشىمۇ تەشەببۇس قىلىنمىغان، بۇ نۇقتا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بەزى رايونلار بىلەن ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق قىلىشنى قوللىماسلىقىمىز لازىم. يەنە بەزى كىشىلەر قورامىغا يەتمىگەن بالىلارنىڭ قۇرئان ئوقۇشىنى، ناماز ئوقۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، بۇنداق قىلىش دۆلىتىمىزنىڭ «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى» غا خىلاپلىق قىلغانلىق بولۇپ، بۇنداق قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. ئايرىم جايلاردا ئاياللارنى چۈمبەل تارتىشقا مەجبۇرلايدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت، بۇنداق قىلىش، كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلغانلىق بولىدۇ. يۈز بەرگەن بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تەشۋىق قىلىش، يېتەكلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

تۆتىنچى، دىنىي سىنىپ (نۇقتا) لارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆپ سانلىق ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بۇ خىزمەتكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە شەرت - شارائىتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە شەرت - شارائىتىغا بىرلەشتۈرۈپ، دىنىي سىنىپ (نۇقتا) نى باشقۇرۇشتا ئائىت نۇرغۇن تەجرىبىلەرگە ئىگە بولۇپ، مەلۇم نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى. بىراق بۇ خىزمەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى تەكشى بولمىدى. بەزى جايلار باشقۇرۇش خىزمىتىنى دەسلەپتە چىڭ تۇتتى، كېيىن بوشاشتۇرۇپ قويدى. بەزى جايلاردا سىياسىي، قانۇن، سىياسەت دەرسلىرى ئەمەلىيلەشمىدى، بەزى جايلاردا باشقۇرۇش چىڭ بولمىغانلىقتىن، تالىپلار رايون ئاتلاپ پائالىيەت ئېلىپ باردى، ھەتتا ئايرىم تالىپلار مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، جىنايەت ئۆتكۈزدى. بۇنىڭغا نىسبەتەن بىز ھەرگىزمۇ سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى، دىنىي سىنىپ ئېچىش، باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ساقلانغان مەسىلىلەرگە ئاساسەن، دىنىي سىنىپ (نۇقتا) نى باشقۇرۇش ۋە ئوقۇتۇش كۈچىنى كۈچەيتىپ ۋە تولۇقلاپ، تۈزۈلۈك باشقۇرۇش، ئىمتىھان

ئېلىش تۈزۈملىرىنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دىنى سىنىپ (نۇقتا) لارنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئېچىش كېرەك. شۇڭلاشقا، بىز جايلارنىڭ دىنى سىنىپ (نۇقتا) ئېچىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، «دىنى سىنىپ (نۇقتا) نى باشقۇرۇش سىناق چارىسى» نى تۈزۈپ چىقتۇق، كۆپچىلىكنىڭ ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ تولۇقلىشىنى ئۈمىت قىلىمەن. بۇنىڭدىكى مەقسەت جايلاردىكى دىنىي سىنىپ (نۇقتا) لارنىڭ ئوقۇتۇش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلغىلى ۋە ئۇنى قېلىپلاشتۇرۇپ، دىنى سىنىپ (نۇقتا) نــى مەركەزلەشتۈرۈپ ئېچىپ، دىن دەرس ۋە سىياسىي، قانۇن دەرسلىرىنى ئوخشاش مۇھىم بىلىش پرىنسىپىنى يولغا قويۇپ، ۋەتەننى سۆيىدىغان، دىننى سۆيىدىغان لاياقەتلىك ياش دىنى زاتلارنى ئەتراپلىق تەربىيىلەشتىن ئىبارەت.

بەشىنچى، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالــىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلەش كېرەك.

قانداق قىلىپ ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەپ، تىرىشىپ سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ـ ۋەتەنپەرۋەر دىنى تەشكىلاتلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنى زاتلارنىڭ ئەستايىدىل مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، پائال ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر ۋەزىپىسى. ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى ئىچىدە، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشالايدىغان مەزمۇنلار ناھايىتــى كۆپ. بىرىنچىدىن: ئىسلام دىنى «ۋەتەننى سۆيۈش» بىلەن «دىننى سۆيۈش» نى بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، تېنچ بولۇش، ئىتتىپاق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، «ئىسلام» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئۆزى تىنچ بولۇش، بويسۇنۇشنى تەشەببۇس قىلىش، مۇقىملىق ئىزدەش دېگەندىن ئىبارەت؛ ئۈچىنچىدىن، ئىسلام دىنى ئىككى دۇنيانى ئوخشاشلا مۇھىم دەپ قاراپ، ئەمگەكنى ئەلا بىلىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ باي بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، تىرىشىپ بىلىم تەھسىل قىلىش، پەن تېخنىكىنى ئىگىلەش، ئىلىم ـ پەنگە ھۆرمەت قىلىش، ئىقتىساسلىق كىشىلەرنى قەدىرلەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ بەشىنچىدىن، مۇسۇلمانلاردىن ياخشىلىق قىلىش، يامانلىق قىلماسلىق، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، ئاتا ـ ئانىغا ۋاپادار بولۇش، بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈپ، باب ـ باراۋەر ياشاش، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇش، تازىلىققا رىئايە قىلىش، تىرىشچان، ئىقتىساتچىل بولۇش، بەدخەجلىك، ئىراپچىلىققا قارشى تۇرۇش، مەغرۇرلۇق ـ ھاكاۋۇرلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەيشى ـ ئىشرەت، بۇزۇقچىلىققا، قىمارۋازلىققا قارشى تۇرۇش، زەھەرلىك چېكىملىكنى ئېلىپ ـ سېتىش، چېكىشنى قاتتىق چەكلەش قاتارلىقلارنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ بۇ تەشەببۇسلىرى ۋە دىنى ئەخلاقى پەزىلەتلىرى جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىش، راۋاج تېپىش تەلىپى ۋە سوتسىيالىستىك ئەخلاق ئۆلچىمى بىلەن ماسلىشىدۇ. شۇڭلاشقا، ۋەتەنپەرۋەر دىنى تەشكىلات ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنى زاتلار ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولغان دىنى ئەقىدە ـ ئەھكاملارنىڭ مەزمۇنى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان بەزى دىنى بەلگىلىمە ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى پەيدى ـ پەي ئىسلاھ قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشى؛ ماس كېلىدىغان تەرەپلىرىنى تەپسىر قىلىش ئارقىلىق تەشۋىق قىلىشى، ماس كەلمەيدىغان تەرەپلىرىنى بولسا جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە رېئال تەلىپىنى كۆپرەك نەزەردە تۇتۇپ، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە پايدىلىق ئىزاھلارنى بېرىشى، بۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىنى ئۈزلۈكسىز ھالدا يۈكسىلىشكە يۈزلەندۈرۈشى، دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇشى كېرەك.

ئالتىنچى، ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ۋەتەنپەرۋەر دىنى تەشكىلاتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەزەلدىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىدىغان ۋە ئىلھاملاندۇرىدىغان بىر تۇغ، شۇنداقلا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىدىيىۋى ئاساس. دىنىي ساھەدىكىلەر ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش بىز ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ دىنىي ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئېتىقاد ۋە ئىدىيىۋى ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىزدىكى مۇھىم مەزمۇن، ھەم بىزنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك بىر ۋەزىپىمىز. نۆۋەتتە، شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇشىمىز، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەن بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيەتلىرى «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل ئۇيۇشتۇرۇشى، ياش بىر ئەۋلاد دىنىي زاتلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ توغرا دۆلەت قارشى، مىللەت قارشىنى پۇختا تىكلىشىگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى ھەقىقىي تۈردە قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغدايدىغان، خەلق مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغدايدىغان ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھىمايىچىلىرى، ئىلگىرى سۈرگۈچىلىرى ۋە ئىشتىراكچىلىرىدىن قىلىپ چىقىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە سىڭدۇرۇشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيەتلىرى ۋە ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ئىسلام دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ رايون ئەھۋالى ۋە خىزمەت شارائىتى ئوخشىمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمۇ ئانچە ئوخشاش ئەمەس. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيەتلىرى، بولۇپمۇ بەزى ناھىيە (شەھەر) لىك ئىسلام دىنىي جەمئىيەتلىرى مەخسۇس شتات، پائالىيەت راسخودى كەمچىل بولۇشتەك قىيىنچىلىقنى ۋە ھېچقانچە رولىمىز يوق دەيدىغان ئىدىيىۋىي كەيپىياتنى يېڭىپ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ، شارائىت ھازىرلاپ، ئاكتىپلىق بىلەن خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك. تەشكىلى قۇرۇلۇش جەھەتتە، تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشكە دىققەت قىلىش كېرەك:

(1) ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيەتلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشىنى ئاكتىپلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ، سىياسىغا ئېتىبار قىلىدىغان، سىياسەتنى بىلىدىغان، بىلىملىك، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى بىلەن ئالاقە قىلىشقا ماھىر ياش، ئوتتۇرا ياشلارنى چىڭ تۇتۇپ تەربىيىلەپ چىقىپ، ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت بەنزىسىگە تولۇقلاش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان چاغدا، دىنىي زاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر ساھە زاتلىرىنى ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇپ، ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنى ھەم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ھەم ئىجابى تەسىرگە ئىگە، ھەم كەڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئاممىۋىي تەشكىلات ۋە دىنىي تەشكىلات قىلىپ چىقىش كېرەك.

(2) ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 29 مىڭ نەپەر دىنىي زاتتىن تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمىنىڭ يېشى چوڭ، تەن سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى جايلاردىكى تەسىرى زور نۇقتىلىق مەسچىتلەردە ئىماملىق قىلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۆز ئالدىمىزدىكى ناھايىتى جىددىي بىر ئىش بولۇپ قالدى. جايلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىر تۈركۈم ۋەتەننى سۆيىدىغان، دىننى سۆيىدىغان ياش، ئوتتۇرا ياش دىنىي زاتلارنى چىڭ تۇتۇپ تاللاش ۋە نۇقتىلىق

تەربىيىلەش كېرەك ھەمدە مەسچىتلەرنىڭ دىن ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا تەدرىجىي سەپلەش، ۋەتەنپەرۋەر دىنى زاتلار قوشۇنىنى تولۇقلاش كېرەك.

(3) باشقۇرۇشقا ئائىت قائىدە - تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئەمەل قىلىدىغان بەلگىلىمىگە ئىگە قىلىش، ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام دىنى جەمئىيىتى يەنە مەسچىتلەرنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىگە، مەسچىتلەرنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىگە ئەستايىدىل يېتەكچىلىك قىلىشى، مەسچىتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت، ماجىرالارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ، مۇۋاپىق بولمىغان مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئەتلىرىنى ۋاقتىدا تەڭشەپ، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنى ئۇيۇشۇشچانلىقى ئىگە ۋەتەنپەرۋەر دىنى تەشكىلات قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

ئاممىنىڭ خەت - چەك ۋە ئەرزىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاما بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئۇچۇر توپلاپ، جاۋاب قايتۇرۇش ۋە يېتەكلەش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش كېرەك ھەمدە ھۆكۈمەتكە ھەمكارلىشىپ، ئۇشتۇمتۇت ۋەقە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا ھەمكارلىشىپ، شۇ جايدىكى ئىسلام دىنىغا ئائىت نەشىر بۇيۇملىرىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، سىياسەتكە خىلاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ھېسسىياتىغا ئازار بېرىدىغان ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ۋە مەسچىتلەر نەشىر قىلغان ئىچكى جەھەتتىكى نەشىر بۇيۇملىرىدىمۇ بەلگىلىمە بويىچە تەستىقلىتىش رەسمىيىتى ئۆتەش، قانۇنسىز نەشىر بۇيۇملىرىنىڭ نەشىر قىلىنىشى ۋە تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى مەسچىتلەرنىڭ ئۆزىنى - ئۆزى قامداش تەجرىبىلىرىنى دائىم خۇلاسىلەپ ۋە ئالماشتۇرۇپ، مەسچىتلەرنى ھازىر ئۆزىدە بار ئۆي، يەر، مۈلۈك قاتارلىق شەرت - شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئۇچىنچى كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا، تىجارەت قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئىقتىسادىي ئۇنۇمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە يېتەكلەپ ۋە ياردەم قىلىپ، مەسچىتلەرنى تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنى - ئۆزى تولۇق قامدىيالايدىغان تەرەققىيات يولىغا ماڭدۇرۇش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى، ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى بىلەن مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى ئوتتۇرىسىدىكى، ئىسلام دىنى جەمئىيىتى بىلەن ئاما ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ ياخشىلاش، ئىسلام دىنى جەمئىيىتى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇشقا دىققەت قىلىپ، ھەر كىم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ھۆكۈمەتكە ھەمكارلىشىپ جايلاردىكى ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

ھۆرمەتلىك دائىمىي ھەيئەتلەر، بىز ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى روھىنىڭ ئىلھامى بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن پۈتۈن زېھنى كۈچىمىز بىلەن تىرىشىلىك تۆھپە قوشايلى.

ئاخىرىدا دائىمىي ھەيئەتلەر ۋە رەھبەرلەرنىڭ تېنىگە سالامەتلىك تىلەيمەن.

ئاللا تائالا بىزگە تېنچ ئامانلىق ۋە بەخت - سائادەت ئاتا قىلغاي!

(ژۇرنىلىمىزنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى تەستىقلىغان. ئىچكى گېزىت ـ ژۇرناللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسىنىڭ نومۇرى ((X.J) 0177)